


ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى تەرىپىدىن تارقىتىلدى

---

ئەزىز ئوقۇرمەن، ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى ئوقۇرمەنلىرى
تەرىپىدىن سىكاننېرلىنىپ تارقىتىلدى.

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitab.org

ئېلكىتاب

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitap.org



2013
1

# يېزا پەن ـ تېخنىكىسى

# 农村科技

ISSN 1004-1095
01>
9 771004 109006

# 中国科学技术期刊编辑学会2012年会员日
# 金牛奖、银牛奖颁奖大会暨学术报告会

جۇڭگو يەن- تېخنىكا ژۇرناللىرى تەھرىرلىك جەمئىيىتى 2012-يىلى 12-ئاينىڭ 18-كۈنى پايتەختىمىز بېيجىڭدە داغدۇغىلىق مۇكاپاتلاش يىغىنى ئېچىپ، مەملىكەت بويىچە 64 نەپەر «ئالتۇن ئۆكۈز»، 129 نەپەر «كۈمۈش ئۆكۈز» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن تۆھپىكار تەھرىرلەرنى مۇكاپاتلىدى. بۇ قېتىمقى يىغىندا رايونىمىزدىن تاشقىن جاپپار، جاڭ جۈن «ئالتۇن ئۆكۈز» مۇكاپاتىغا، ھەلىمە تۇرسۇن، خې فاڭ «كۈمۈش ئۆكۈز» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.









ئالىمجان لەتىپ خەۋەرى، فوتوسى

2013 ـ يىل 1 ـ سان
(ئومۇمىي 333 ـ سان)

# يېزا ئىگىلىك - تېخنىكىسى

全国优秀科技期刊,省级月刊

ش ئۇ ئا ر يېزا خىزمىتى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر نامراتلارنى يۆلەش، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى ۋە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ باشچىلىقىدا نەشر قىلىندى.

## بۇ ساندا

رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتى ئۈچۈن تىرىشىپ تۆھپە قوشايلى ....... ھەلىمە تۇرسۇن قاتارلىقلار (1)

### تىرىش پەرۋىش

كۆممىقوناق ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى ..............................پاتىگۈل ئابلەت (7)
بەرەڭگە ئۆستۈرۈشنىڭ يېڭىچە ئۇسۇلى ......................خۇرشىدەم قاتارلىقلار (10)
پارنىك كۆكتاتلىرىنى سۇغارغاندا دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار .....چىمەنگۈل ساقاجىيۇف قاتارلىقلار (11)
قىشتا پارنىكتا تەرخەمەك ئۆستۈرۈش ..........................ئارزۇگۈل رېقىپ (12)

### ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكى

پارنىكتا كۈز ۋە قىش پەسلىدە مۈچقا قوغۇننى كىرىشتۈرۈپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى
...........................................پاتىگۈل ئابلىز قاتارلىقلار (14)
سۇلياۋ لاپاستا قوش سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ چىلگە تاۋۇز ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى
.................................................خېلىل بارات قاتارلىقلار (19)

### ئوغۇت تۇپراق

تۇپراقنىڭ ھاۋا ئۆتكۈزۈشچانلىقىنىڭ زىرائەتلەرگە بولغان تەسىرى...... ئاسىيەم رىشىت (22)
ئۆي قۇشلىرىنىڭ مايىقلىرىنى كۆكتاتلىققا ئىشلىتىشتە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار...گۈلقىز ئابدۇۋايىت (25)

### باغۋەنچىلىك

ياڭاق ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى ............................مۇيەسسەر ھەسەن قاتارلىقلار(26)
ياڭاق ئۇرۇقىنى تېرىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش ئۇسۇلى .........................ئانارگۈل ناسىر (29)
چىلان كۆچىتى تىككەندە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار..........................سىيىت مەخمۇت (31)
چىلان كۆچەتلىرىنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتىنى يۇقىرىلىتىش ئۇسۇلى ......ئوسمان قاسىم (33)

### ئۆسۈملۈك ئاسراش

قوغۇنلۇقتىكى ئوت ـ چۆپلەرنى خىمىيەلىك ئۇسۇلدا يوقىتىش ......ئايشەمگۈل ئابلىز (34)
تۆۋەن تېمپېراتۇرىنىڭ كۆكتاتلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى........
.........................................................ئەركىن ساۋۇر (35)
پارنىك قوغۇن ـ تاۋۇزلىرىدىكى قىزىل ئۆمۈچۈكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش

ئۇسۇلى...........................................................قاھار قاسىم (39)
نەشپۇت كىچىك مىغىز قۇرتىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ يوقىتىش ئۇسۇللىرى
.........................................................................ھۆرنىسا ئەمەت (42)

## سۇچىلىق

بىتون تاختاي ۋە دوغاپلىق تاش بىلەن ياسالغان ئۆستەڭلەردە يېرىقنى بىر تەرەپ قىلىش
ئۇسۇلى.............................................................. مۆمىن ياسىن (45)

## چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق

ئۆي قۇشلىرىغا دورا ئىشلەتكەندە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار ......... تۇرسۇنگۈل ھوسەن (47)
بوغاز چارۋىلارغا دورا بەرگەندە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار............قەلبىنۇر ئابدۇرېھىم (48)
موزايلاردىكى ئۆپكە ياللۇغىنى داۋالاش ئۇسۇلى .........................ئابلىكىم ئابدۇكېرىم (50)

## يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى

نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەرەققىياتىغا كۆرسىتىدىغان پايدىلىق
تەرەپلىرى ..........................................................................نۇرنىسا (52)
كىملەر يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سېتىۋېلىش تولۇقلىمىسىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ؟......ئايشەمگۈل رۇيدۇل (53)

## ئىگىلىك باشقۇرۇش

يەر ھۆددىگەرلىك ماجىرالىرى كۆپ بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرى ۋە ھەل قىلىش ئۇسۇللىرى ....قاسىم توختى قاتارلىقلار (55)

## يېزا مائارىپى

ئىناق جەمئىيەت ۋە يېزا مائارىپى .............................ئابلىز ئىبراھىم دولان (57)

## قانۇن ئۆگىنەيلى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپ قانۇنى ..............................(58)

## بىلىۋېلىڭ

ئاپتورلار سەمىگە ...............................................................................(59)

## يېزا ئەدەبىيات سەنئىتى

ئەمگەكچىمەن ..................................................ئەنۋەر ئابلەت شەيدائى (60)

باش مۇھەررىر: ھەلىمە تۇرسۇن
مەسئۇل مۇھەررىر: ئەنۋەر مۇھەممەت
مۇھەررىر: ئابلەت ھەبىبۇللا

农村科技
Rural Science & Technology
2013年第1期
总333期

新疆维吾尔自治区党委农办、自治区扶贫办、自治区科协、新疆维吾尔自治区农业科学院和新疆农业大学联合主办、面向新疆农牧区、国内外公开发行的综合性省级科普月刊。

诚恳愿望

为我区农业发展而努力奋斗……艾力曼·吐尔逊等(1)

栽培管理

玉米栽培技术……帕提古力·阿布来提(7)
种植马铃薯新方法……胡西旦等(10)

设施农业

温室蔬菜浇灌应注意事项……曲曼姑丽·沙卡吉尤甫等(11)
冬天温室黄瓜栽培方法……阿尔孜古丽·热克甫(12)
温室辣椒甜瓜套种方法……帕提古丽·阿布力孜等(14)
大棚覆双模早熟西瓜栽培技术……黑力力·巴拉提等(19)

土壤肥料

土壤透气性对作物生长发育的影响……阿斯艳木·热西提(22)
家禽粪便施入菜地应注意事项……古丽克孜·阿卜杜瓦依提(25)

园艺特产

核桃栽培方法……木叶萨尔·艾山等(26)
核桃种植育苗方法……阿娜古丽·纳斯尔(29)
红枣植苗应注意事项……司衣提·麦合木提(31)
提高红枣苗成活率方法……奥斯慢·哈斯木(33)

植物保护

甜瓜地化学除草方法……阿依仙木古·阿不力孜(34)
低温对蔬菜生长发育的影响……艾热肯·萨唔热(35)
温室甜、西瓜红蜘蛛防治方法……卡哈尔·卡斯木(39)
香梨小心虫防治方法……吾尔尼沙·艾买提(42)

农田水利

浅谈砼板与浆砌石渠道中出现的裂缝处理……木明·亚生(45)

## 畜牧兽医

家禽用药应注意事项 ………………………… 吐尔孙古丽·玉山(47)
怀胎母畜用药时应注意事项 ……………… 凯丽比怒尔·阿布都热依木(48)
犊牛肺炎的治疗方法 ……………………… 阿布力克木·阿布都克热木(50)

## 农业机械

当前形式对农机发展的好处 ………………………………… 努尔尼沙(52)
那些人能够享受农机补贴 ……………………… 阿依夏木古力·瑞杜(53)

## 农经管理

承包土地纠纷常见原因及解决措施 …………… 卡斯木·托合提等(55)

## 农村教育

和谐社会与农村教育 ……………………………… 阿布力孜·衣布拉因(57)

## 法律常识

中华人民共和国妇女权益保障法 ……………………………………(58)

## 百科知识

作者应注意事项 ……………………………………………………(59)

## 农村文艺

我是劳动者 ………………………………………… 艾尼瓦尔·阿布来提(60)


---


主管主办：新疆维吾尔自治区农业科学院
编辑出版：新疆维吾尔自治区农业科学院《农村科技》杂志社
主　编：艾力曼·吐尔逊　　电话（传真）0991-4505075
责任编辑：艾尼瓦尔·买买提　　编辑：阿布来提·艾比布拉
地　址：乌鲁木齐市南昌路 403 号　邮编：830091
印　刷：新疆新华印刷厂　　定价：2.00 元
发　行：乌鲁木齐市邮政局
订　阅：全国各地邮局，扶贫办、科技局、农经局和本刊编辑部
国际标准刊号：ISSN　1004－1095
国内统一刊号：CN 65－1046 / S－W
邮政代码：58－123　广告许可证号：0016
收款单位：新疆农业科学院农业经济与科技信息研究所
开户银行：乌鲁木齐市农行南昌路支行
行　号：103881000461 账号：004601040000839

# رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتى ئۈچۈن تەرتىپ تۆھپە قوشايلى

ھەلىمە تۇرسۇن ئەنۋەر مۇھەممەت
(«يېزا پەن ـ تېخنىكىسى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىن)

«يېزا پەن ـ تېخنىكىسى» ژۇرنىلى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئاشكارا تارقىتىلىدىغان، چوڭ 32 فورماتلىق، 64 بەتلىك، مۇقاۋىسىنىڭ ئىچى ـ تېشى رەڭلىك، شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى ئۆلكە دەرىجىلىك بىردىن بىر ئۇنىۋېرسال ئايلىق ژۇرنال. بۇ ژۇرنالنىڭ ئايلىق باھاسى ئىككى يۈەن، يىللىق باھاسى 24 يۈەن بولۇپ، يىلدا 12 سان نەشر قىلىنىدۇ.

«يېزا پەن ـ تېخنىكىسى» ژۇرنىلى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بىيۇروسى يېزا سىياسىتى تەتقىقات ئىشخانىسى بىلەن مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ 1984 ـ يىل 29 ـ نومۇرلۇق بىرلەشمە ھۆججىتىنىڭ روھىغا ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ قارارىغا ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ پەن ـ تېخنىكىغا بولغان جىددىي ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، 1985 ـ يىلى رەسمىي نەشر قىلىنغان پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى ئايلىق ژۇرنال ھېسابلىنىدۇ. مەزكۇر ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلارنىڭ مەزمۇنى مول، قاراتمىلىقى كۈچلۈك، تىلى ئاممىباپ، مەزمۇنى ئىخچام، چۈشىنىشلىك، ئەمەلىي قوللىنىشچانلىقى كۈچلۈك بولۇپ، ساۋادى بار ھەرقانداق كىشى ئوقۇپلا چۈشىنەلەيدۇ. ژۇرنالدا پارتىيەنىڭ يېزىلارغا قاراتقان ئەڭ يېڭى سىياسەتلىرى، تۈرلۈك يېڭى پەن ـ تېخنىكا ئۇچۇرلىرى، تېرىش ۋە پەرۋىش، ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكى، ئوغۇت ۋە تۇپراق، ئۆسۈملۈك ئاسراش، گۈلچىلىك، ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك، سۈپەتلىك سورتلار، مالدوختۇرلۇق، چارۋىچىلىق، يايلاقچىلىق، تەكلىپ، يېزا ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش، يېزا ـ بازار كارخانىلىرى، ئۇچۇرلار، يېزا مائارىپى، سالامەت بولۇڭ، بىلىۋېلىڭ، تۇرمۇش مەسلىھەتچىسى، قانۇن ئۆگىنەيلى، پاتقاق گازى قۇرۇلۇشى، يېزا ئى-

گىلىك ماشىنىلىرى، مۇھىت ئاسراش، سۇچىلىق، تۆھپىكارلار، چەت ئەل يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسى ۋە يېزا ئەدەبىيات ـ سەنئىتى قاتارلىق سەھىپىلەردىكى ماقالىلار ئېلان قىلىنىپ، ئاساسىي قاتلاملاردىكى كادىرلار، تېخنىك خادىملار ۋە دېھقان ـ چارۋىچىلارنى ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرى بىلەن تەمىنلەپ ۋە يېتەكلەپ، ئۇلارنى دەۋرگە ماس قەدەمدە ئىلگىرىلەشكە ھەمدە ئىقتىسادىي كىرىمنى ئاشۇرۇپ ھەقىقىي بېيىشقا يېتەكلەپ كېلىۋاتىدۇ. شۇنداقلا ئاساسىي قاتلاملاردا جاپالىق ئىشلەۋاتقان ھەر ساھەدىكى تېخنىك خادىملارنىڭ ئىلمىي ئەمگىكىنى خۇلاسىلەپ ئېلان قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۇنۋان مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا، مۇھىم كۆۋرۈكلۈك رول ئويناپ كېلىۋاتىدۇ.

بۇ ژۇرنال نەشر قىلىنغان 28 يىلدىن بۇيان، رايونىمىزنىڭ دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ يېزىلار ۋە دېھقانلارغا قاراتقان تۈرلۈك سىياسەت ـ پەرمانلىرىنى، يېڭى ئۇچۇر ۋە يېڭى تېخنىكا بىلىملىرىنى ئاساسىي قاتلام رەھبىرىي كادىرلىرى، دېھقان ـ چارۋىچىلار، كەسپىي ئائىلىلەر ۋە ھەر ساھەدىكى پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى ھەمدە ژۇرنالنى سۆيۈپ ئوقۇيدىغان قېرىنداشلارغا دەل ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ، ئۇلارنى ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان تېخنىكىلىق تەدبىرلەر بىلەن يېتەكلەش ۋە تەربىيىلەش جەھەتلەردە مۇھىم رول ئويناپ، زور ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىپ، رايونىمىزدىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ۋە قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە.

«يېزا پەن ـ تېخنىكىسى» ژۇرنىلىنىڭ مەخسۇس خىراجىتى يوق، ئۆزىنى ئۆزى باقىدىغان ژۇرنال بولغاچقا، يىللاردىن بۇيان تەھرىر بۆلۈمىدىكى يولداشلار تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت، ناھىيە، شەھەرلەردىكى ئەل سۆيەر رەھبەرلەرنىڭ ژۇرنىلىمىزنى قوللاپ قۇۋۋەتلىشى بىلەن تىرازنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق، ژۇرنالنىڭ داۋاملىق،

ۋاقتىدا نەشر قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ كەلمەكتە. بۇ جەريانـدا ژۇرنىلىمىزدىن مۇناسىۋەتلىك خادىملار، تىـراژى 1000 ـ 3000 دىن ئاشقان ۋىلايەت، ناھىيە، يېزىلاردا 1999 ـ يىلدىن 2012 ـ يىلغىچە 234 مەيدان ھەقسىز دەرس سۆزلەپ، 70 مىڭدىن كۆپرەك دېھقان ـ چارۋىچى، ئايالـلار، كادىرلار، پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى ۋە يېزا ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىرىغا «دېھقانلار، ئاياللار، پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەيلى»، «خانىم ـ قىزلارنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ بەختلىك ئائىلە قۇرۇپ، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنى تېزلىتەيلى»، «ياشانغانلارنى كۆتۈشتە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار»، «پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، يېڭى يېزا قۇرۇشنى تېزلىتەيلى»، «پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ماقالىلىرىنى يېزىشتا دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار»، «ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن بۇرۇن ئاتا ـ ئانىلار، ئوقۇتقۇچىلار، ئوقۇغۇچىلار دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار» تېمىسىدا دەرس سۆزلەپ، مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر ۋە كۆرسانتلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ۋە بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يىللاردىن بېرى تىراژى يۇقىرى ئورۇنلارغا 60 نەچچە مىڭ نۇسخا ژۇرنالنى ھەقسىز ياردەم قىلىپ دېھقان ـ چارۋىچىلارغا نۇقتىلىق ياردەم قىلىندى.

«يېزا پەن ـ تېخنىكىسى» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغاندىن بۇيان، 332 سان ژۇرنالنى مۇۋەپپەقىيەتلىك نەشر قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا جەمئىي 15 مىليون 46 مىڭ 220 پارچە ژۇرنال تارقىتىپ، رايونىمىزدىكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ پەن ـ تېخنىكىنى ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىدە قوللىنىش، ئۆزئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش، يېڭى تېخنىكىنى كېڭەيتىپ دېھقانلار ۋە پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىغا ئەمەلىي مەنپەئەت يەتكۈزۈش جەھەتلەردە تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان مەخسۇس ئوقۇشلۇقىغا ئايلاندى. شۇنداقلا بۇ ژۇرنال رايونىمىزدىكى پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئەمەلىي

خىزمەتلىرىنى خۇلاسىلەپ، يازغان ماقالىلىرىنى ئېلان قىلدۇرىدىغان مۇ-ھىم ژۇرنالغا ئايلاندى.

«يېزا پەن ـ تېخنىكىسى» ژۇرنىلى 2008 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسىنىڭ «شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى» تۈرىگە كىرگۈزۈلگەندىن بۇيان، ژۇرنىلىمىزنىڭ رايونىمىز بويىچە تەسىرى ۋە قاپ-لىنىش دائىرىسى يەنىمۇ ئېشىپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ پەن ـ تېخنىـ-كىغا تايىنىپ بېيىش قەدىمىنى تېزلىتىشتە تېگىشلىك رول ئوينىدى. لې-كىن شىنجاڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدىغان رايون بول-غاچقا، هازىرقى ئايدا تارقىتىلىۋاتقان 20 نەچچە مىڭ ژۇرنال تېخى زور كۆپچىلىك ئىلىم ـ پەنگە تەشنا دېھقان ـ چارۋىچى قېرىنداشلارنىڭ ئېھ-تىياجىنى قاندۇرۇپ كېتەلمەيۋاتىدۇ. شۇڭا رايونىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك، ئەل سۆيەر رەھبەرلەرنىڭ ژۇرنىلىمىزنى داۋاملىق قوللاش ئارقىلىق، جاپا-كەش، ئەمگەكچان دېھقان ـ چارۋىچىلارغا پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق ئەمەلىي ياردەم قىلىشنى چىن كۆڭلىمىزدىن تىلەيمىز ھەمدە دېھقان ـ چارۋىچى قېرىنداشلىرىمىزنىڭمۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، بىلىمگە، پەن ـ تېخنىكىغا ۋە ئەقىل ـ پاراسىتىگە تايىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، سودا سېتىق ئىشلىرىغا ئىلمىي پوزىتسىيە تۇتۇپ، كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، دەۋرىگە ماس قەدەمدە ئىلگىرىلەپ، لاياقەتلىك پۇقرالىق سالاھىيىتىنى ھازىرلاپ، يېڭى يېزا قۇرۇشقا بىر كىشىلىك ھەسسە قوشۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمىز.

پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى ۋە يېزىلاردىكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ژۇرنىلىمىزدىن ۋاقتىدا مۇۋاپىق پايدىلىنىپ، ئۆز خىزمەتلىرىنى قەرەللىك خۇلاسىلەپ، يىلدا 2 ـ 3 پارچىدىن پەننى ئومۇملاش-تۇرۇش ماقالىسى يېزىپ، بىر تەرەپتىن كەسپىي سەۋىيەنى ئۆستۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، كەسپىي ئۇنۋانىنى باھالاپ بېكىتىشكە بالدۇرراق تەييارلىق قى-لىشنى چىن كۆڭلىمىزدىن ئارزۇ قىلىمىز. چۈنكى ئاپتونوم رايونىمىزدى-كى زور كۆپچىلىك دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ئومۇمىي ساپاسى تېخى تۆ-ۋەن، نامرات. شۇڭا ھەر ساھەدىكى مۇتەخەسسىسلەر، رەھبىرىي كادىرلار،

پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى، ئوقۇتقۇچى ـ ئۇستازلار ئالدىن بېيىغان كەسپىي ئائىلىلەر، دېھقان تېخنىكلارنىڭ ئالدى بىلەن ژۇرنىلىمىزغا مۇشتەرى بولۇپ، ھەر ۋاقىت ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ، ئەتراپىمىزدىكى بىلىمگە، ئىلىم ـ پەنگە تەشنا دېھقان ـ چارۋىچىلارنى پاك روھىيىتىمىز بىلەن توغرا يولغا يېتەكلەشكە بىر دەك كۈچ چىقىرايلى.

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتىدا: 2020 ـ يىلغىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ۋە شەھەر ـ يېزىلاردىكى ئاھالىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمىنى 2010 ـ يىلدىكىدىن بىر قاتلاش تەلەپ قىلىندى. شۇنداقلا ئۆگىنىشچان، مۇلازىمەتچان، يېڭىلىق يارىتىشچان ماركسىزملىق ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە قۇرۇپ، پارتىيەنىڭ باشتىن ـ ئاخىر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىك يادروسى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. دوكلاتتا يەنە: كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە تاقىلىدىغانلىقى تەدبىرنىڭ ھەممىسىدە خەلق ئاممىسىنىڭ پىكرىنى تولۇق ئاڭلاش، ئومۇمىي خەلقنىڭ مەنپەئەتى زىديانغا ئۇچرىغانلىقى ئىشنىڭ ھەممىسىنى توسۇش ۋە قەتئىي تۈزىتىش كېرەك دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. قۇرۇلتاي دوكلاتىدا يەنە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىنى ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ئىلمىي تەدبىر بەلگىلەپ ۋە مۇكەممەللەشتۇرۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتىكى ئەھمىيىتىنىڭ زور ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

ھۆرمەتلىك ئەل سۆيەر رەھبەرلەر! 18 ـ قۇرۇلتاينىڭ روھىنى ئەمەللىيلەشتۇرۇپ، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۇرۇپ ئۆگىنىپ،ئىدىيەنى ئازاد قىلىپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىنى ھەقىقىي يۇقىرى كۆتۈرۈپ، تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن «يېزا پەن ـ تېخنىكىسى» ژۇرنىلىنى ھەرقايسى ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيە (شەھەرلەر) يەرلىك مالىيەدىن مەبلەغ ئاجرىتىپ، ھەربىر مەمۇرىي كەنتلەرگە 5 ـ 10 نۇسخىدىن ھەقسىز تارقىتىپ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ پەن ـ تېخنىكا ئۆگىنىش ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاپ، ئىقتىسادىي كىرىمى-

نى ئاشۇرۇشتىكى بىردىنبىر ئوقۇشلۇق سوپىتىدە ئەمەلىي يېتەكچىلىك قىلىشىڭىزلارنى چىن دىلىمىزدىن ئۈمىد قىلىمىز!

نۆۋەتتە دۆلەتلەر، رايونلار ۋە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت ئىختىساسلىقلار رىقابىتى، پەن ـ تېخنىكا ۋە ئىقتىساد رىقابىتى بولىۋاتىدۇ. شۇڭا رايونىمىزدا دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇلارنى ھەقىقىي بېيىش يولىغا يېتەكلەش ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر، كادىرلار ۋە پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى دېھقان، چارۋىچىلارنى نەق مەيداندا تەربىيىلەش، ھەقسىز كىتاب ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەش، ئالدىن بېيىغان دېھقان تېخنىكلار ئارقىلىق باشقىلارغا ئۈلگە كۆرسىتىپ، ئۇلارغا باشلامچىلىق قىلىش تولىمۇ زۆرۈر ۋە پارتىيىمىز ئەڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ھەم زور مەبلەغ سېلىۋاتقان زور ئىش. دېھقانىنى ھۆرمەتلەش، كۆيۈنۈش، بېيىتىش ئارقىلىق مۇقىم، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىپ، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇپ چىقىش ـ ھەممىمىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىمىز ھەم مەجبۇرىيىتىمىز. دېھقان كۈلسە كۈلۈپ، يىغلىسا يىغلاپ، ئۇ ـ تىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئېقىپ ئۇلارنى بېيىتالىساق ھەممىمىز خاتىرجەم بولىمىز، خەلقىمىز ۋە دۆلىتىمىزمۇ قۇدرەت تاپىدۇ. شۇڭا دۆلەتنىڭ ئەڭ زور بايلىقى بولغان جاپاكەش دېھقانىنى ھۆرمەتلەيلى، قەدىرلەيلى، كۆيۈنەيلى ۋە ئۇلارنى بېيىتىشقا، ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشقا ھەمكارلىشىپ مەبلەغ سالايلى!

ئىشىنىمىزكى، تەھرىر بۆلۈمىمىزدىكى بارلىق خادىملارنىڭ كۈچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ئەستايىدىل جاپالىق ئىشلىشى، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ خىزمىتىمىزنى ئىزچىل قوللىشى ۋە ھەر ساھەدىكى قېرىنداشلار ۋە پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنىڭ سەمىمىي كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن، «يېزا پەن ـ تېخنىكىسى» ژۇرنىلى يېڭى بىر يىلدا يېڭىچە مەزمۇنلار بىلەن نەشر قىلىنىپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا ۋە قىزغىن ئالقىشىغا داۋاملىق ئېرىشىپ، كەڭ دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىنى ئاشۇرۇپ ۋە بېيىتىپ، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت پەرپا قىلىشتا تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا تىرىشىمىز. (05)

# كۆممىقوناق ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى

پاتىگۈل ئابلەت
(ئاقتۇ ناھىيە كاتتايلىق يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

كۆممىقوناق ئىشلەپچىقىرىشى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، ئەمما دېھقانلاردا ئىلمىي ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى كەمچىل بولۇۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتىياز پەسلىدە قۇرغاق شامال كۆپ بولۇشتەك تەبىئىي ئامىللارنىڭ تەسىرىدىن ئەتىيازلىق كۆممىقوناقنىڭ ئوتتۇرىچە مەھسۇلاتى 500 كىلوگىرامغىمۇ يەتمەيدۇ. شۇڭا كۆممىقوناق ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، مەھسۇلات كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، كۆممىقوناق ئۆستۈرۈشتە مۇنۇلارغا دىققەت قىلىش كېرەك.

**1. ئۇرۇقنى تاللاش:** نۆۋەتتە تېرىلىۋاتقان كۆممىقوناقنىڭ سورتى كۆپ، دېھقانلار كۆممىقوناق سورتىنى تاللىغاندا قېپىدىكى سورت چۈشەندۈرۈلۈشى ۋە ساتقۇچى ئورۇننىڭ ئېلانىغا ئاسانلا ئىشىنىپ كەتمەسلىكى ۋە قارىغۇلارچە «يېڭى سورت» نى قوغلاشماسلىقى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىشى لازىم. (1) يەرنىڭ ئىسسىقلىق مەنبەسى ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، تېرىلىدىغان سورتمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئومۇمىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، كۆممىقوناقنىڭ نورمال پىشىش شەرتى ئاستىدا، ئىمكانقەدەر پىشىش مەزگىلى ئۇزۇنراق بولغان سورتنى تاللىسا بىرقەدەر ياخشى بولىدۇ؛ (2) جۇغراپىيەلىك شارائىتىغا ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇلىغا ئاساسەن سورت تاللاش لازىم. جۇغراپىيەلىك شارائىتى ياخشى، سۇغىرىش ئەسلىھەلىرى مۇكەممەل، باشقۇرۇش سەۋىيەسى يۇقىرى بولسا، «مەھسۇلات ئاشۇرۇش يوشۇرۇن كۈچى زور» سورتلارنى تاللاش كېرەك. شارائىتى ناچار، باشقۇرۇش ياخشى بولمىسا مۇقىم مەھسۇلاتلىق سورتنى تاللاش كېرەك.

**2. تۇپراقنى بىر تەرەپ قىلىش:** ئەتىيازلىق سۇغىرىشتىن كېيىن، ھەر مو يەرگە يەرلىك ئوغۇتتىن 5000 كىلوگىرام، كۆممىقوناقنىڭ مەخسۇس ئاستا ئۈنۈملۈك ئوغۇتىدىن 30 كىلوگىرام بېرىپ، ئاغدۇرۇپ تۈزلەش كېرەك.

**3. مۇۋاپىق بالدۇر تېرىش:** تېمپېراتۇرا بولسا كۆممىقوناق تېرىش مەزگىلىنىڭ ئاساسلىق ئامىلى،ئادەتتە قوناق 5 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىن ئوت-

تۇرىلىرىغىچە تېرىلىدۇ. 10 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى تۇپراق تېمپېراتۇرىسى 12℃ دىن يۇقىرى بولغاندا تېرىسا بولىدۇ، سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىسا 8℃ ـ 10℃ بولغاندا تېرىسا بولىدۇ. تېرىشتىن بۇرۇن ئۇرۇقنى 2 ـ 3 كۈن ئاپتاپقا سالسا ئۈنۈش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. تېرىغان ۋاقىتتا 10 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئوغۇتلاپ سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ، ئوغۇتنىڭ ئۇرۇق بىلەن ئۇچرىشىپ نوتىنى كۆيدۈرۈۋېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

كۆممىقوناق ئۈنۈپ چىقىشتىن بۇرۇن، ھەر موغا 50% لىك (乙草胺) نىڭ 150 ـ 170 لىتىرىغا 40 ـ 50 كىلوگىرام سۇ قوشۇپ، يەر يۈزىگە تەكشى چېچىش كېرەك. ئۈنۈپ چىققاندىن كېيىن ھەر موسىغا يۈنۈڭسى (玉农思) نىڭ 200 لىتىرىغا 40 ـ 50 كىلوگىرام سۇ قوشۇپ ياكى 12% لىك پاراكۇات (百草枯) نىڭ 40 ـ 50 گىرامىغا 40ـ 50 كىلوگىرام سۇ قوشۇپ چېچىپ ئوت ـ چۆپنى يوقىتىش لازىم.

**4. مۇۋاپىق زىچلىقتا تېرىش:** ئېتىزدىكى باشاق سانى، باشاقتىكى دان سانى، دان ئېغىرلىقى بولسا كۆممىقوناق مەھسۇلات تەركىبىنىڭ ئۈچ ئامىلى، مۇۋاپىق كۆممىقوناق ئومۇمىي دان قۇرۇلمىسى بولسا يۇقىرى مەھسۇلات ئېلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ئەتىيازلىق كۆممىقوناقنىڭ ھەر مودىكى تۈپ سانى ئەڭ ياخشىسى2500 ـ 2800 تۈپ ئەتراپىدا بولۇشى كېرەك.

**5. قوشۇمچە ئوغۇتلاش:** كۆممىقوناقنىڭ ئۆسۈش مەزگىلى ئۇزۇن، ئوزۇقلۇق سۈمۈرۈشى ئاز بولغانلىقتىن، «ئاۋۋال ئاز كېيىن كۆپ» قوشۇمچە ئوغۇتلاش لازىم. كۆممىقوناق شاخلاشتىن بۇرۇن ھەر موغا 5 ـ10 كىلوگىرام قىغ بېرىش كېرەك، چوڭ كانايچە يوپۇرماق مەزگىلىدە قوشۇمچە ئوغۇتنىڭ3 / 2 سىنى، يەنى ھەر موغا 10 ـ 20 كىلوگىرامغىچە قىغ بېرىش كېرەك.

**6. سۇغىرىش:** كۆممىقوناقنىڭ چوڭ كانايچە يوپۇرماق مەزگىلىدىن دان تۈتۈش مەزگىلىگىچە سۇغا بولغان تەلىپى ئەڭ يۇقىرى بولىدۇ. بولۇپمۇ پۆپەك چىقىرىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە سۇغا ئەڭ سەزگۈر بولىدۇ. دان تۇتقاندىن پىشقىچە بولغان ئارىلىقتا سۇغا بولغان ئېھتىياجى تۆۋەنلەيدۇ، ئەمما قۇرغاقچىلىق داننىڭ ئېغىرلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ، شۇڭا ھاۋا ۋە تۇپراقنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ مۇۋاپىق سۇغىرىش لازىم.

**7. يېتىشۈپ بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش:** بورانىنىڭ تەسىرىدىن كۆممىقو - ناقنىڭ يېتىشۈپ بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئېتىزنىڭ ئەتراپىغا شا - مالدىن مۇھاپىزەت ئورمىنىنى بەرپا قىلىشىمىز بولىدۇ ياكى يېتىشۈپ قالمايدىغان كۆممىقوناق سورتىنى تاللىشىمىز بولىدۇ، ئېگىز غوللۇق كۆممىقوناققا نىسبەتەن 7 ـ 10 يوپۇرماق چىقارغان مەزگىلدە ھەر موسىغا 20 گىرام جىن دېلى (金得乐) غا 15 ـ 20 كىلوگىرام سۇ ئارىلاشتۇرۇپ غول ئۈچىغا قارىتىپ چاچسا بولىدۇ. ئەگەر يېتىشۈپ قالسا ئەڭ ياخشىسى 2 ـ 3 كۈن ئىچىدە تۆۋگە توپا يۆلەش ھەمدە قوشۇمچە تېز ئۈنۈملۈك ئوغۇت بېرىش ياكى 3 ـ 5 تۈپنى بىر باغلاپ، زەخىملەنگەن غولنىڭ تېزدىن ئەسلىگە كېلىشىگە تۈرتكە بولۇش لازىم.

**8. كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش:** ئەتىيازلىق كۆممىقوناقنىڭ ئاساسلىق كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيىنى كۆممىقوناق كۆ - يە پەرۋانىسى ۋە ۋىرۇس كېسەللىكى بولىدۇ. (1) كۆممىقوناق كۆيە پەرۋا - نىسى: چوڭ كانايچە ئېغىزى مەزگىلىدە 48 % لىك لورسبان (乐斯本) نىڭ 1000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى، 50% لىك فوكسىم (辛硫磷) نىڭ 800 ـ 1000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى ھەر يەتتە كۈندە بىر قېتىم تۈماز - لىتىپ پۈركۈپ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ياكى 1.5% لىك فوكسىمنى كۆمۈر داشقىلىغا ئارىلاشتۇرۇپ، 2.5% لىك پەرۋانە ئۆلتۈرگۈچ كاپسۇلىغا (1:16) يۇمشاق قۇم، زەھەرلىك توپا ئارىلاشتۇرۇپ كانايسىمان ئېغىزىغا تەكشى چېچىش كېرەك. (2) ۋىرۇس كېسىلى: ئاساسلىقى كۆممىقوناق غو - لى پاكار يوپۇرماق كېسىلى قاتارلىقلار بولۇپ، ئاساسلىقى كۆكپىت، كۆل رەڭ ئۈچقۇن پىتلارنىڭ تارقىلىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ. كۆممىقوناقنىڭ مايسا مەزگىلىدە 10% لىك بىچۇخلىن (吡虫啉) نىڭ 3000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى ياكى پىت يوقاتقۇچ دورا (蚜虱净) نىڭ 1000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى 1 ـ 2 قېتىم پۈركۈش لازىم. كېسەللەنگەن تۈپ بايقالسا ئۆز ۋاقتىدا يۇلۇپ چوڭقۇر كۆمۈش لازىم.

**9. مۇۋاپىق پەيتتە ھوسۇل يىغىش:** ئېتىزدىكى 90% دىن يۇقىرى كۆممىقوناق غولىنىڭ يوپۇرمىقى سارغىيىپ، ئورىغۇچى يوپۇرماقلىرى قۇرۇپ، دانلىرى قاتتىقلاشقاندا يىغىۋالسا بولىدۇ. (03)

# بەرەڭگە ئۆستۈرۈشنىڭ يېڭىچە ئۇسۇلى

خۇرشىدەم ئابىدەم سانىيەم
(غۇلجا ناھىيەلىك رادىيو ـ تېلېۋىزىيە مەكتىپىدىن)

سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ بەرەڭگە (ياڭيۇ) ئۆستۈرگەندە تۇپراقنىڭ نەملىكىنى ساقلىغىلى، سۇنى تېجەپ قالغىلى، تۇپراق تېمپېراتۇرىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، بەرەڭگىنىڭ ئۆسۈشىنى تېزلەتكىلى، مەھسۇلاتنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

تەجرىبىلەرگە ئاساسلانغاندا، سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ ئۆستۈرگەن بەرەڭگىنىڭ يوغىنىشى بالدۇر، ئۆسۈشى تېز، ئۆسۈش مەزگىلى قىسقا بولۇپ، مەھسۇلاتى بالدۇر بازارغا چىقىدۇ، تاۋارلىق قىممىتى يۇقىرى بولىدۇ. كونكرېتنى ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىچە ئىككى خىل بولىدۇ:

1. كەڭ چۆنەكلەپ قوش قۇرلاپ ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. بۇ ئۇسۇلدا چۆنەك كەڭلىكىنى 1.5 مېتىر قىلىپ گىرەلەشتۈرۈپ تېرىلىدۇ. تېرىپ بولغاندىن كېيىن دەرھال سۇلياۋ يوپۇق يېپىلىدۇ. مايسا ئۈنۈپ چىققاندىن كېيىن سۇلياۋ يوپۇقنى تېشىپ مايسىنى ئازاد قىلىپ، تېمپېراتۇرىنىڭ بەك يۇقىرىلاپ مايسىنى كۆيدۈرۈۋېتىشىدىن ساقلىنىش لازىم.

2. مايسا كۆچۈرۈپ تىكىپ ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. بۇنىڭدا بەرەڭگىنىڭ چوققا بىخ ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلىنىپ، بەرەڭگە پارچىلىرىنى تېرىپ مايسا يېتىشتۈرۈلىدۇ. ئاندىن كېيىن مايسا كۆچۈرۈلۈپ تىكىلىدۇ ياكى ئاۋۋال بەرەڭگە پارچىلىرىنى بىخلاندۇرۇپ، ئاندىن قۇر، تۈپ بويىچە تېرىلىدۇ. تېرىشتا چوڭقۇر تېرىپ نېپىز توپا يېپىلىدۇ. مايسا ئۈنۈپ چىققاندىن كېيىن دەرھال سۇغىرىلىدۇ ھەم بىر قانچە قېتىم توپا يۆلىنىدۇ. بۇ خىل ئۆستۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا بەرەڭگە مەھسۇلاتىنى ۋە سۈپىتىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. (03)

# يارنىك كۆكتاتلىرىنى سۇغارغاندا دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار

چىمەنگۈل ساقاجىيوۋ
(قەشقەر شەھەرلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن)
ماھىرە ئابلىز
(قەشقەر يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىدىن)

سۇ ــ پارنىكتىكى كۆكتاتلارنىڭ جېنى ھېسابلىنىدۇ. پارنىك مۇۋاپىق سۇغىرىلسا پارنىكنىڭ تېمپېراتۇرىسى ۋە ئۇغۇتنى تەڭشەشتەك قوش رول ئوينايدۇ. پارنىكتىكى كۆكتاتلارنى بالدۇر مول ـ ھوسۇل ئېلىش، مەھسۇلات سۈپىتىنى ياخشىلاش، ئىقتىسادىي كىرىمنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكى تۆت نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك:

1. قىش پەسلىدە پارنىك ۋە يەرنىڭ تېمپېراتۇرىسى بىرقەدەر تۆۋەن بولغاچقا، سۇغىرىش ۋاقتى ئارىلىقىنى سەل ئۇزارتىپ، يەڭگىل سۇغىرىلسا پارنىك تېمپېراتۇرىسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىش، نەملىكنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن ۋە كۆكتات يىلتىزىنىڭ لەيلەپ قېلىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

2. پارنىكنى سۇغىرىشتا ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى كۆپرەك، ھاۋا تۇتۇق كۈنلىرى يەڭگىلرەك سۇغىرىش ۋە سۇغارماسلىق كېرەك. ھاۋا ئېچىلىپ ئارقىدىن تۇتۇلغاندا، سۇ مىقدارىنى تەدرىجىي ئازايتىپ، سۇغىرىش قېتىم سانىنى مۇۋاپىق ئازايتىش، ھاۋا ئېچىلغاندا كۆپرەك سۇغىرىپ، سۇغۇرۇش ئارىلىقىنى قىسقارتىش كېرەك.

3. پارنىكنى ئەڭ ياخشىسى چۈشتە، سائەت 12 دىن ئۇچكىچە سۇغارسا مۇۋاپىق بولىدۇ.

4. پارنىك ھەرقايسى قىسىملىرىنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى بىرقەدەر چوڭ بولغاچقا، سۇغىرىلىدىغان سۇ مىقدارىمۇ پەرقلىق بولىدۇ. پارنىكنىڭ جەنۇب تەرىپى ۋە ئوچاقنىڭ كاناي قىسمىغا يېقىن يەرلەردىكى سۇنىڭ پارغا ئايلىنىشى كۆپرەك بولغانلىقتىن، كۆپرەك سۇغىرىلىدۇ، پارنىكنىڭ شەرق، غەرب ۋە شىمال تەرەپلىرىنىڭ تېمپېراتۇرىسى نىسبەتەن تۆۋەن، كۈن چۈشۈش ۋاقتىمۇ قىسقا بولغاچقا، ئازراق سۇ بىلەن سۇغىرىلسا مۇۋاپىق بولىدۇ. ئادەتتە سۇغىرىش مىقدارىنى پارنىكنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، پىلانلىق، رېتىملىق، ۋاقتىدا سۇغارغاندا پارنىك كۆكتاتلىرىدىن مۇقىم، سۈپەتلىك ھوسۇل ئېلىشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. (02)

# قىشتا پارنىكتا تەرخەمەك ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى

ئارزۇگۈل رېقىپ
(توقسۇن ناھىيە غولبويى يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

**1. سورت تالالاش:** «چاڭچۈن تەرخەمەكى» قاتارلىق ئاجىز يورۇقلۇققا، ناقولاي شارائىتلارغا چىداملىق چىلگە سورتلار تاللىنىدۇ.

**2. مايسا يېتىشتۈرۈش:** ① ئۇرۇقنى بىر تەرەپ قىلىش: ئۇرۇقنى سۇغا چىلاپ، لەيلەپ چىققان ئۇرۇقنى سۈزۈۋېتىپ، 55℃ لۇق قىزىق سۇغا ئۇدۇللۇق چىلاپ ئۇدۇللۇق ئارىلاشتۇرۇپ، سۇيى سوۋۇغاندا يەنە تۆت سائەت سۇغا چىلاپ سۇغا تويۇندۇرۇش كېرەك. ئاندىن كېيىن ئۇرۇقنى سۈزۈۋېلىپ، نەم لۆڭگىگە ياكى نەم لاتىغا ئوراپ، 25℃ ـ 32℃ لۇق شارائىتتا بىخلاندۇرۇش لازىم. ئۇرۇقنى بىخلاندۇرۇش ۋاقتىدا كۈندە 2 ـ 3 قېتىم سۈزۈك سۇدا چايقاش، ئۇرۇق 70% بىخلانغاندا دەرھال تېرىش كېرەك؛ ② مايسىزارلىق تەييارلاش: پارنىك ئىچىدە مايسىزارلىق ئورنىنى بېكىتىپ تاختىلاپ، 10 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا مايسا يېتىشتۈرۈش قاچىسى ياكى مايسا يېتىشتۈرۈش خالتىسىغا ئوزۇقلۇق توپا قاچىلاپ، مايسىزارلىق تاختىسىغا رەتلىك تىزىلىدۇ. ئوزۇقلۇق توپنى كۆكتاتلىق تۇپرىقى بىلەن چىرىگەن قوي قىغىنى ئۆتكەمىدىن ئۆتكۈزۈپ، 6 : 4 نىسبىتى بويىچە ئارىلاشتۇرۇپ يەنە مۇۋاپىق مىقداردا قۇم ۋە ھەر كۇب مېتىرغا ئىككى كىلوگىرام كالتسىي سۇپېر فوسفات (过磷酸钙) ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلاش لازىم. ③ ئۇرۇق تېرىلغاندىن كېيىن تېمپېراتۇرنى 20℃ ـ 30℃ تا تەڭشەپ، 80% ئۇرۇق ئۈنۈپ چىققاندىن كېيىن پارنىك تېمپېراتۇرىسى كۈندۈزى 22 ℃ ـ 25℃ تا، كېچىسى 15℃ ـ 16℃ تا ساقلىنىدۇ. ئادەتتە مايسا يېتىشتۈرۈش خالتىسىغا تېرىپ مايسا يېتىشتۈرسە ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. مايسا 2 ـ 3 تال يوپۇرماق چىقارغاندا بىر كىلوگىرام سۇغا 0.5 مىللىلىتىر ئېتىفون (乙希利) ئارىلاشتۇرۇپ پۈركۈسە ئانىلىق چېچىكى كۆپىيىپ كۆپ مېۋىلەيدۇ.

**3. يەرگە ئىشلەش:** ھەر مو يەرنى 8000 ـ 10000 كىلوگىرام چىرىگەن ئېغىل قىغى بىلەن ئوغۇتلاپ، چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ، تەكشىلەش كېرەك. پارنىكقا سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ بولغاندىن كېيىن، تار قىرىنى 40 سانتىمېتىر، كەڭ قىرىنى 80 سانتىمېتىر قىلىپ قىر، ئېرىق چېپىلىدۇ.

**4. مايسا كۆچۈرۈپ تىكىش:** پارنىكنىڭ ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 23℃ ـ 25℃، 10 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى تۇپراق تېمپېراتۇرىسى 12 ℃تىن يۇقىـ

رى بولغاندا ھەربىر قىرغا بىرقۇردىن، تۈپ ئارىلىقىنى 23 ـ 25 سانتىمېتىر قىلىپ مايسا كۆچۈرۈپ، دەرھال سۇغىرىپ، ئۈستىگە سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېمپېراتۇرىسىنى يۇقىرى ساقلاش كېرەك. مايسا ئەسلىگە كېلىشتىن ئىلگىرى ھاۋا تېمپېراتۇرىسى كۈندۈزى 25℃ ـ 30℃ تا، كېچىسى 17℃ ـ 18℃ تا، مايسا ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن ھاۋا تېمپېراتۇرىسى كۈندۈزى 22℃ ـ 28℃تا، كېچىسى 12℃ ـ 15℃ تا ساقلىنىدۇ.

**5. پەرۋىش:** تەرخەمەك پىلەك تارتىشقا باشلىغاندا قاشالاپ، يۆگىمەشلىرى ئۈزۈۋېتىلىدۇ. دەسلەپكى مەزگىلدە سۇغىرىش كونترول قىلىنىپ، كۆپ مېۋىلەش مەزگىلىدە ھەر 7 ـ 10 كۈندە بىر قېتىم سۇغىرىلىدۇ. دەسلەپكى مېۋىسىنى ئۈزۈشتىن كۆپ مېۋىلەش مەزگىلىگە قەدەر پارنىك تېمپېراتۇرىسى 20℃ ـ 28℃ تا ساقلىنىدۇ. ھەر قېتىم سۇغىرىشقا بىرلەشتۈرۈپ ھەر مو يەر 20 كىلوگىرام ئىككى ئاممونىي فوسفات (磷酸二铵) ياكى 10 كىلوگىرام ئورىيا (尿素) بىلەن ئوغۇتلىنىدۇ. ھەربىر تال بوغۇمدا بىردىن ئانىلىق چېچەك قالدۇرۇلۇپ، ئاتىلىق چېچەكى، يۆگىمىچى ئۈزۈۋېتىلىدۇ. كېيىنكى مەزگىلدە كۆپرەك ھاۋا ئالماشتۇرۇپ، تېمپېراتۇرىسى 27℃ ـ 28℃ تا ساقلىنىدۇ. پارنىكتىكى كاربون تۆت ئوكسىدنىڭ مىقدارى 1% گە يەتسە ئانىلىق چېچەك 100% گە يېتىپ مەھسۇلاتى ئاشىدۇ. شۇڭا سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان سۇلفات كىسلاتاسى (硫酸) نى قاچىغا قويۇپ، پارنىك ئىچىگە مۇقىملاشتۇرۇپ، كۈن چىقىپ يېرىم سائەتتىن كېيىن ئۇنىڭغا ئاممونىي ھىدروكاربونات (碳酸氢铵) قوشۇپ، كاربون تۆت ئوكسىد ھاسىل قىلسا بولىدۇ. ئۇنداق قىلماي پارنىك ئىچىگە بامبۇك يارمىسىنى ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە ئازراق قويۇپ ئوت يېقىپ ئىسلىسىمۇ كاربون تۆت ئوكسىدنى تولۇقلىغىلى بولىدۇ.

6. كېسەللىك، ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش: تەرخەمەككە كۆك پىت، قىزىل ئۆمۈچۈك كۆپرەك زىيان سالىدۇ. دورا ئارقىلىق يوقىتىشتا ئوكسىدلانغان روگور (乐果) ياكى د د ۋنىڭ 1000ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى چېچىلىدۇ. تەرخەمەككە بۇزغۇچ زەمبۇرۇغ كېسىلى كۆپرەك زىيان سالىدۇ. تەرخەمەكتىكى بۇزغۇچ زەمبۇرۇغ كېسىلى پەيدا بولۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە مىس رىدومىل (甲霜铜) نىڭ 500 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى ھەربىر تۈپ تۈۋىگە 25 ـ 50 مىللىلىتىردىن ھەر 7 ـ 10 كۈندە بىر قېتىم، ئۇدا 3 ـ 4 قېتىم، سۇغىرىشتىن 1 ـ 2 كۈن بۇرۇن تۈپ تۈۋىگە قۇيسا بولىدۇ. (03)

# پارنىكتا ئۆجمقا ئوغۇننى كىرىشتۈرۈپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى

پاتىگۇل ئابلىز
(تۇرپان شەھەرلىك پەن ـ تېخنىكا ئىدارىسىدىن)
مۇقىيت ئابلىمىت گۈلزار ھەمدۇل
(تۇرپان شەھەرلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن)

**1. مايسا تىكىشتىن بۇرۇنقى تەييارلىق:** (1) پارنىك ئىچى ۋە تۇپراقنى دېزىنفېكسىيە قىلىش: پارنىكنى دېزىنفېكسىيەلەشتە، پارنىكقا سۇلياۋ يېپىلغاندىن كېيىن، پارنىكنىڭ ئىچىدىكى ئوت ـ چۆپلەرنى يۇلۇۋېتىپ، پاكىزە تازىلاپ، ھەر كىۋادرات يەرگە گۆڭگۈرتتىن ئىككى گىرام، 80% لىك د د ۋ دىن 0.1 گىرام، ھەرە كېپىكىدىن سەككىز گىرام ئارىلاشتۇرۇپ بىر كېچە ئىسلاپ، بىر كېچە ـ كۈندۈز شامالدىتىش كېرەك. تۇپراقنى دېزىنفېكسىيە قىلىشتا ھەر مو يەرگە تۆت كىلوگىرام باۋىستىن (多菌灵) نى بىر مو يەرگە يەتكۈدەك يۇمشاق توپىغا ئارىلاشتۇرۇپ، مايسا تىكىلىدىغان ئۆڭغا سېلىپ مايسا تىكسە ياكى 500 ـ 800 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇلغان باۋىستىن سۇيۇقلۇقنى مايسا تىكىلىدىغان ئۆڭغا تەكشى پۈركۈپ مايسىنى تىكىش لازىم؛ (2) ئوغۇتلاش ۋە يەر تۈزلەش: يېڭى ياسالغان پارنىكلاردا يەرنى ئوبدان ئاغدۇرۇپ، تەكشى تۈزلەش لازىم. ئوغۇتنى تۆكۈشتىن بۇرۇن بىر قۇر تۈزلىگەندىن كېيىن، بىر قېتىم سۇغىرىپ تاۋلانغاندا چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ، قايتا تۈزلەش كېرەك. ئاندىن ھەر مو يەرگە 15 ـ20 كۇب مېتىر چىرىگەن ئورگانىك ئوغۇتنى ۋە 3 ـ 5 مىڭ كىلوگىرام كۆمۈر توپىسىنى تۆكۈپ تەكشى يېيىتىپ، 30 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئاغدۇرغاندىن كېيىن تەكشى تۈزلەپ، قاندۇرۇپ سۇغىرىپ، يەر تاۋلانغاندا يەنە بىر قېتىم ئايلاندۇرۇپ ئاغدۇرۇش ماشىنىسى بىلەن ئاغدۇرۇپ قايتا تەكشىلەش لازىم. ئەگەر تۆكۈلگەن ئورگانىك ئوغۇت چىرىتىلمىگەن بولسا يەرنى 2 ـ 3 قېتىم چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ، تۇپراققا تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، 2 ـ 3 قېتىم قاندۇرۇپ سۇغارسا تۆكۈلگەن ئوغۇتلار تولۇق چىرىپ، يەرمۇ يۇمشايدۇ؛ (3) چۆنەك ئېچىش ۋە سۇلياۋ يوپۇق يېپىش: يەرنى تەكشى تۈزلىگەندىن كېيىن، جەنۇب شىمال يۆنىلىشى بويىچە چۆنەك كەڭلىكىنى 50 سانتىمېتىر، قىر كەڭلىكىنى 80 سانتىمېتىر، چۆنەك ئېگىزلىكىنى 40 سانتىمېتىر قىلىپ چۆنەك تارتىش كېرەك. ئاندىن قىرىغا تېمىتىپ سۇغىد-

رىش تۇرۇبىسىنى يېيىتىپ، كەڭلىكى 140 سانتىمېتىرلىق نېپىز يوپۇقنى يېپىش لازىم.

**2. مايسا تىكىش:** (1) تىمەن ساغلام مايسىلارنى تاللاپ تىكىش: مۆچ-نى تىكىش ۋاقتىدىكى تىمەن مايسىنىڭ ئۆلچىمى بولسا يىلتىزى ئاق ھەم توم، چاچما يىلتىزى كۆپ، غولى قىسقا ھەم يوغان، يوپۇرمىقى قېلىن، رەڭگى قېنىق يېشىل ۋە پارقىراق، تىمەن، ساغلام بولىدۇ. مايسىنىڭ ئې-گىزلىكى 18 ـ 20سانتىمېتىر بولۇش، 8 ـ 9 تالغىچە ھەقىقىي يوپۇرماق چىقارغان بولۇش، 60% ـ 70% غۇنچىسى كۆرۈلگەن بولۇشى كېرەك. كې-سەللىك ھەم زىيانداش ھاشاراتلار بولمىغان بولۇشى، كۆز ۋە قىش پەسلىدە ئۆستۈرۈلىدىغان مۇچىنىڭ مايسا يېشى 30 ـ 40 كۈنلۈك بولىدۇ. (2) تى-كىش ئۇسۇلى: تۈپ ئارىلىقىنى 35 ـ40 سانتىمېتىر قىلىپ، قوش قۇرلاپ ئۇچبۇلۇڭ شەكىلدە ئۆزئارا كىرىشتۈرۈپ، تىكىش ئۇسۇلىنى قول-لىنىپ، ھەر مو يەرگە 3000 تۈپ ئەتراپىدا مايسا تىكىلسە بولىدۇ. كى-رىشتۈرۈپ تىكىلىدىغان قوغۇن مايىسى مۆچ مايىسى بىلەن تەڭ تى-كىلسە بولىدۇ. قوغۇننى مۇچىنىڭ قىرىغا تۈپ ئارىلىقىنى 1.5 مېتىر قى-لىپ، ھەربىر قىرغا تۆت تۈپتىن، ھەر مو يەرگە400 تۈپ تىكسە بولىدۇ. مايسىنى تىكىپ بولغاندىن كېيىن، تىكىش سۈيىنى قاندۇرۇپ سۇغىرىپ، تولۇق تۇتۇشقا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. ئەمما مايسا مەزگىلىدە مۇۋاپىق سۇغىرىشقا دىققەت قىلىپ، يۇقىرى تېمپېراتۇرا، يۇقىرى نەملىكنىڭ تە-سىرىدە، بويىغا زورلاپ ئۆسۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

**3. مايسا تىكىشتىن كېيىنكى پەرۋىش:** (1) مايسا پەرۋىشى: مۆچ مايىسىنى تىكىپ بولغاندىن كېيىن، ئىسسىق ساقلاپ، سوغۇققا قارشى تۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش لازىم. قىش پەسلىدە ئۆستۈرۈلىدىغان مۇچنى تىكىپ بولۇپ، مايسا ئەسلىگە كېلىش مەزگىلىدە ھاۋا ئال-ماشتۇرماسلىق، كۈندۈزى 28℃ ـ 32℃ تا، كېچىسى 18℃ ـ 20℃ تا 2 ـ 3 كۈن ساقلاش كېرەك؛ (2) تۈپلەرنى باشقۇرۇش: مۇچىنىڭ تۈپلىرى ئۆسۈپ 25 سانتىمېتىر بولغاندا شاخ ئايرىيدۇ. شاخ ئايرىغاندىن كېيىن، ئاستىدىكى يوپۇرماق ۋە يوپۇرماق قولتىقىدىن چىققان يان شاخلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىۋېتىپ كۈن نۇرى ۋە ھاۋا ئۆتۈشچانلىقىنى ياخشىلاش كېرەك. بۇ مەزگىلدە، ئۆز ۋاقتىدا ئاستىدىكى قېرىپ كەتكەن، سارغىيىپ كەتكەن يوپۇرماق، كېسەللەنگەن ۋە ئاجىز شاخلارنى ئېلىۋېتىپ مېۋىلەشنى

ئىلگىرى سوروش ئۈچۈن، ئوزۇقلۇقىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، كونا نورى ۋە ھاۋا ئۆتۈشچانلىقىنى ياخشىلاش لازىم. موشۇ مەزگىلدە توپلەرنى سۇلىياۋ تانا بىلەن ئېسىش ياكى قىرغا سىم تارتىپ توپلەرنى ئوڭنىغا باغلاپ، توپلەرنىڭ ئۆرۈلۈپ كېتىشىدىن ساقلىنىش لازىم. كېرىشتۈرۈپ تىكلىگەن قوغۇننى 5 ـ 6 ھەقىقىي يوپۇرماق چىقارغاندا پەلەكنى سۇلىياۋ تانىغا ئېسىلدۇرۇپ تانى-نىڭ ئۈچىنى پارنىكنىڭ ئۈستىدىكى سىمغا باغلاپ، يەنە بىر ئۈچىنى پەلەك-نىڭ ئاستى قىسمىدىكى غولغا باغلاپ ئۆستۈرۈلىدۇ. بىر پەلەكنى قالدۇرۇپ تاراپ 13 ـ ، 15 ـ بوغۇملاردىكى يان پىلەكتىن چوشكەن ئۆلچەملىك بىر قو-غۇن قالدۇرۇپ، مېۋە ئۈستىدىن بىر يوپۇرماق قالدۇرۇپ ئۇچى ئۈزۈلىدۇ. پەلەك 30 ـ 32 يوپۇرماق چىقارغاندا ئۇچى ئۈزۈۋېتىلىدۇ.

**4. چېچەكلەش مەزگىلىدىكى پەرۋىشى:** (1) ئىسسىق ساقلاپ، سو-غۇققا قارشى تۇرۇش: قىش پەسلىدە ئۆستۈرۈلىدىغان موچىنىڭ چې-چەك مەزگىلىدە تېمپېراتۇرىنى كۈندۈزى 25℃ ـ 28℃ تا، كېچى-سى 15℃ ـ 20℃ تا ساقلاش، 30℃ تىن ئېشىپ كەتكەندە پارنىكنىڭ ئۈستىدىن ھاۋا ئالماشتۇرۇش كېرەك؛ (2) سۇ ۋە ئوغۇت پەرۋىشى جەھەتتە دەسلەپكى موچ چوشۇپ بولغاندىن كېيىن (كىرتىك مەزگىلىدە) مايسىنىڭ ئەسلىگە كېلىش سۈيىنى قاندۇرۇپ قويۇش لازىم، ئادەتتە موچ چوشۇشتىن بۇرۇن سۇغىرىلمايدۇ. دەسلەپكى موچ يوغىناشقا باشلىغاندىن كېيىن، سۇغى-رىپ قوشۇمچە ئوغۇت بېرىلسە بولىدۇ. ھەر مو يەرگە ئازوتلۇق ئوغۇتتىن 10 كىلو-گىرام، ئاممونىي فوسفاتتىن 15 كىلوگىرامنى قوشۇمچە ئوغۇت قىلىش لازىم.

**5. مېۋە بېرىش مەزگىلىدىكى پەرۋىشى:** (1) تېمپېراتۇرىنى تەڭ-شەش: مېۋە بېرىش مەزگىلىدە تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەۋاتقان مەزگىل بولغاچقا سوغۇقتىن ساقلىنىش تەدبىرلىرىنى كۈچەيتىش لازىم. نەملىك بەك يۇقى-رىلاپ كەتمىسە ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، ھاۋا ئالماشتۇرۇش ئېغىزىنى كى-چىكرەك ئېچىش ياكى ئاچمىسىمۇ بولىدۇ. ئادەتتە كۈندۈزى 25℃ ـ 30℃ تا، كېچىسى 15℃ ـ 18℃ قىچە، ھاۋانىڭ نىسپىي نەملىكى، 50% ـ 60% بولسا بولىدۇ. ھاۋانىڭ ئىسسىق ـ سوغۇقلىقىغا، نەملىكنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىگە قاراپ، ھاۋا ئالماشتۇرۇش ۋە تېمپېراتۇرىنى تەڭشەپ تۇرۇشقا دىققەت قىلىش كېرەك. (2) سۇغىرىش ۋە ئوغۇتلاش: موچىنىڭ كۆپلەپ مې-ۋە بېرىش مەزگىلىدە 2 ـ 3 قېتىم قوشۇمچە ئوغۇت بېرىش يەنى ئىككىن-چى ۋە ئۈچىنچى يان شاخلاردا موچ چوشۇشكە باشلىغاندا بىر قېتىمدىن ئوغۇتلاش، سۇغىرىش قېتىم سانى ۋە مىقدارىنى تۇپراقنىڭ نەملىكى ۋە

مۇچىنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىغا قارىتا بېكىتىش لازىم. دەسلەپكى مەزگىلدە 15ـ 20 كۈندە بىر قېتىم سۇغىرىش، ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى چۈشتىن بۇرۇن سۇغىرىش لازىم. ھەر قېتىملىق سۇيىنى سۇغارغان ۋاقىتتا، ئارىلاپ ئوغۇت بېرىش، ھەر قېتىمدا ھەر مو يەرگە ئازوتتىن 30 كىلوگىرام، ئاممونىي فوسفات (磷酸铵) تىن 20 كىلوگىرام بېرىپ، مۇچىنىڭ بالدۇر ئاجىزلاپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. مېۋىلەشنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىلدە 0.3% لىك كالىي دى ھىدروفوسفات (磷酸二氢钾) نى 2 ـ 3 قېتىم يوپۇرماققا پۈركۈش، نەملىك ئېشىپ كەتسە ۋاقتىدا ھاۋا ئالماشتۇرۇش لازىم؛ (3) گۈل، مېۋىنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش: ئالدىنقى مەزگىلدە چېچەك ۋە مېۋىنى ساقلاپ قالغۇچى ھورمونلارنى ئىشلىتىش، يەنى توماتوتون (防落素) ياكى لاجياۋلىڭ (辣椒灵) پۈركۈش كېرەك.

**6. مەھسۇلاتنى يىغىۋېلىش:** ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى يان شاخلاردىكى مېۋىنى بالدۇر يىغىۋېلىش، كېيىنكى مېۋىلەرنى چوڭلىغاندىن كېيىن ئۈزۈش لازىم. مۇچ شاخلىرى چۈرۈك بولۇپ ئاسانلا يېرىلىپ كېتىدۇ. شۇڭا مۇچنى ئۈزگەندە دىققەت قىلىپ مۇچ شاخلىرىنىڭ يېرىلىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش لازىم.

**7. كېسەللىك، ھاشارەتلەردىن مۇداپىئە كۆرۈش:** مۇچتا ئاساسلىق تارقىلىشچان يۇقۇملۇق كېسەللىك بىلەن ۋىرۇس كېسىلى كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. (1) تارقىلىشچان يۇقۇملۇق كېسەللىكى: بۇ كېسەل مۇچىنىڭ مايسا مەزگىلدە بولۇپمۇ، مېۋىلەش مەزگىلىدە ئېغىر دەرىجىدە پەيدا بولىدۇ. غولنىڭ ئاساسىي قىسمى يۇقۇملانسا، قارامتۇل قوڭۇر رەڭدە بولۇپ قالىدۇ. يىلتىز قىسمى يۇقۇملانسا سېرىق قوڭۇر رەڭدە بولۇپ پوستى ئاسان سويۇلۇپ كېتىدۇ. كېسەللىك ئەھۋالىنىڭ ئېغىرلىشىشىغا ئەگىشىپ يەر ئۈستىدىكى قىسمى سولىشىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن قۇرۇپ قالىدۇ. يوپۇرماق يۇقۇملانغان جايدا دىيامېتىرى ئىككى سانتىمېتىر ئەتراپىدا يۇملاق شەكىللىك چۆرىسى سارغۇچ يېشىل رەڭلىك، ئوتتۇرىسى قېنىق قوڭۇر رەڭلىك داغ پەيدا بولىدۇ. مېۋىسى كېسەللەنسە ئاۋۋال ساپاق قىسمىدىن باشلاپ يۇقۇملىنىدۇ. دەسلەپتە قېنىق يېشىل رەڭلىك سۇلۇق داغ پەيدا بولۇپ تېز سۇرئەتتە قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرىپ يۇمشايدۇ. ئەگەر نەملىك يۇقىرى بولسا يۈزى بىر قەۋەت پاختىلىشىپ قالىدۇ.

ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشتا: دېھقانچىلىق تەدبىرلىرى ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىپ، ئۇرۇقنى سۇغا چىلاش ۋاقتىدا دېزىنفېكسىيەلەش، قىرنى ئېگىزرەك قىلىپ مايسا تىكىش، سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ، تۇپراق تېمپېراتۇرد-

سىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، يىلتىز سىستېمىسىنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، قۇدۇق سۈيىدە سۇغىرىپ، سۇغىرىش ۋە سۇ چىقىرىشنى ئايرىپ، كېسەللىك تارقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، شۇنداقلا ھەر قېتىم مۇۋاپىق سۇغىرىپ، شورلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

خىمىيەلىك دورىلار ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشتا: ① ئېتىزلىقتا كېسەللىك بايقالغاندىن كېيىن، تۈپنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ 50% لىك رىدومىل پاراشوكىنىڭ 600 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى ھەر تۈپكە 200 ـ 500 مىللىلىتىردىن قۇيۇپ سۇغىرىش، شۇنداقلا بىر قىسىم رايونلارنى ئايرىپ سۇغىرىپ، كېسەللىكنىڭ تارقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. قالغان كېسەلسىز رايونغا 50% لىك دىكسون (敌克松) پاراشوكىنى ھەر مو يەرگە ئىككى كىلوگىرامنى سۈيىگە بىرلەشتۈرۈپ چاچسا بولىدۇ. دورىغا قارشى خۇسۇسىيەت شەكىللىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مېتىل توپسىن (甲基托布津)، مىس رىدومىل (瑞毒铜) قاتارلىق دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئالماشتۇرۇپ ئىشلەتسە بولىدۇ. دورا ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىشتا 58% لىك رىدومىل، 64% لىك ساندۇفان (杀毒矾) قاتارلىق پاراشوكلارنىڭ 500 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى ھەر مو يەرگە ئۈچ كىلوگىرامنى مىس سۇلفاتقا ئارىلاشتۇرۇپ يىلتىزنى سۇغارسىمۇ بولىدۇ.

(2) مۇچىنىڭ ۋىرۇس كېسىلى: بۇ خىل كېسەللىكتە ئاساسلىق ئالا يوپۇرماق بولۇش، سارغىيىش ۋە غەيرىي شەكىل پەيدا بولۇپ، مېۋىسى كىچىك، بويى پاكار بولۇپ قالىدۇ. سارغىيىش تىپىدىكىسىدە بولسا يوپۇرماق روشەن دەرىجىدە سارغىيىپ تۆكۈلۈپ كېتىدۇ. قۇرۇپ قېلىش تىپىدىكىسىدە بولسا غولىدا قوڭۇر رەڭلىك يوللۇق داغ پەيدا بولىدۇ ياكى ئۆسۈش نۇقتىسى قۇرۇپ قالىدۇ. غەيرىي شەكىل تىپىدىكىسىدە بولسا بويى پاكارلاپ، يوپۇرماقنىڭ شەكلى ئۆزگىرىپ، كۆپ شاخلىنىپ، غۇژمەك بولۇپ قالىدۇ. كېسەللىك يۈز بەرگەن ئېتىزلىقتا بەزىدە بىرقانچە خىل كېسەللىك ئالامەتلىرى بىرلىكتە يۈز بەرگەچكە، مەھسۇلات ئېغىر دەرىجىدە كەملەپ كېتىدۇ.

خىمىيەلىك دورىلار ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشتا ئالدى بىلەن كۆك پىتنى ئۈزۈل ـ كېسىل يوقىتىپ، كېسەللىك ۋىرۇسى تارقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. مايسا مەزگىلىدە مايسىنى تىكىپ بولغاندىن كېيىن ۋە چېچەكلەش مەزگىلىدە 0.1% ـ 0.2% لىك سىنىك سۇلفات ئېرىتمىسىنى، 20% لىك ۋىرۇسA (病毒 A) نىڭ 500 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى، 1.5% لىك موروكسىدىن (病毒灵) نىڭ 1000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى پۈركۈش كېرەك. (03)

# سۇلياۋ لاپاستا قوش سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ چىلگە تاۋۇز ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى

خېلىل بارات    مۇقەددەس ئەخمەتتوختى
(خوتەن ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن)

خوتەن ناھىيەسى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان، ئەتىيازلىق تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى، كېچە ـ كۈندۈزلۈك تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، ھاۋاسى قۇرغاق، يورۇقلۇق يېتەرلىك، ھاۋا ئۆتۈشۈش، سۇ چىقىرىۋېتىش شارائىتى ياخشى بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە تاۋۇز ئۆستۈرۈشكە ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدۇ. سۇلياۋ لاپاستا قوش يوپۇق يېپىپ، چىلگە تاۋۇز ئۆستۈرسە تاق سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تاۋۇز ئۆستۈرۈشكە قارىغاندا 15 ـ 20 كۈن بالدۇر بازارغا چىقىرىپ، مەھسۇلاتنى 11% ـ 22% ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

**1. سۇلياۋ لاپاس ياساش ۋە يەر تەييارلاش:** سۇلياۋ لاپاس ئېگىزلىكىنى 2.5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى يەتتە مېتىر قىلىپ، سۇ تامچىلىمايدىغان سۇلياۋ يوپۇق يېپىش كېرەك. ھەر مو سۇلياۋ لاپاسنى 1.5 ـ 2 مىڭ كىلوگىرام چىرىگەن سۈپەتلىك قىغ ۋە 30 كىلوگىرام ئىككى ئاممونىيلىق فوسفات (磷酸二铵) بىلەن ئوغۇتلاپ، يەرنى تۈزلەپ كەڭلىكىنى 40 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكىنى 20 سانتىمېتىر قىلىپ چۈنەك تارتىپ سۇلياۋ يوپۇق يېپىش كېرەك؛ (2) تاۋۇز سورتىنى تاللاش: ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلى قىسقا، چېچەكلەپ 28 كۈن ئەتراپىدا پىشىدىغان سورتلارنى تاللاش لازىم. مەسىلەن: تېداجىڭشىن ـ 1 (特大京欣-1)، شىنيۇۋ ـ 24 (新优 24 号) قاتارلىق سورتلارنى تاللاپ تېرىش كېرەك.

**2. تېرىش ۋە مايسا يېتىشتۈرۈش:** ئۇرۇقنى تېرىشتىن بۇرۇن دېزىنفېكسىيە قىلىش: 40% لىك فورمالىن (福尔玛林) نىڭ 100 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىغا 30 مىنۇت چىلاپ، ئاندىن سۈزۈك سۇ بىلەن 3 ـ 4 قېتىم چايقاپ، يەنە 55℃ قىزىق سۇغا سېلىپ ئىسسىق سوغۇق سۇدا بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن، 30℃ ـ 33℃ لۇق سۇغا 12 سائەت چىلاپ بىخلاندۇرۇپ تېرىش كېرەك. پاختا رەخت ياكى لۆڭگىنى قىزىق سۇدا دې-

زىنفېكسىيە قىلغاندىن كېيىن، ئۇرۇقنى ئوراپ 30℃ ـ 33℃ لۇق سۇدا 12 سائەت بىخلاندۇرۇش كېرەك. ئاندىن دىيامېتىرى 8 ـ 10 سانتىمېتىر بولغان ئوزۇقلۇق قاچىسىغا توپا قاچىلاپ يېتەرلىك سۇ قۇيۇپ، سۇ تولۇق سىڭىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇرۇقنى ھەربىر قاچىغا بىردىن1 ـ 2 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا تېرىش لازىم. ئاندىن ئۈستىنى سۇلياۋ يوپۇق بىلەن يېپىش كېرەك. تېرىپ بولغاندىن كېيىن كۈندۈزى تېمپېراتۇردىنى 25℃ ـ 30℃ تا، كېچىسى 18℃ ـ 20℃ تا ساقلاش كېرەك. كۆچۈرۈشتىن 7 ـ 10 كۈن بۇرۇن ئۈستىگە ياپقان سۇلياۋ يوپۇقنى ئېلىۋېتىپ مايسىنى چېنىقتۇرۇش كېرەك.

**3. مايسا كۆچۈرۈش:** مايسا 25 ـ 30 كۈن بولغاندا ئىككى يوپۇرماق چىقىرىدۇ. بۇ چاغدا ھاۋا تۇتۇق كۈنلىرىنى ياكى شامال يوق ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى چۈشتىن كېيىن مايسىنى كۆچۈرسە بولىدۇ.ھەر مو يەرگە 800 ـ 1000 تۈپ ئەتراپىدا مايسا تەييارلاپ تۈپ ئارىلىقى 35 ـ 40 سانتىمېتىر قىلىپ كۆچۈرۈپ ئارقىدىنلا سۇغىرىش كېرەك. دەسلەپكى مەزگىلدە كۈندۈزلۈك تېمپېراتۇرىسىنى 35℃ تىن ئاشۇرۇۋەتمەي، ھاۋا ئالماشتۇرماسلىق، تېمپېراتۇرىنىڭ 23℃ ـ 35℃ بولۇشىغا، كېچىلىك تېمپېراتۇرىنىڭ 15℃ تىن تۆۋەن بولماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. كېيىنكى مەزگىلدە كۈندۈزلۈك تېمپېراتۇرىنى 30℃ تا، كېچىلىك تېمپېراتۇرىنى 15℃ ـ 18℃ تا ساقلاپ، كېچىلىك تېمپېراتۇرىسىنى 10℃ تىن تۆۋەنلىتىۋەتمەسلىك لازىم. پارنىك تېمپېراتۇرىسى 30℃ ئېشىپ كەتكەن شارائىتتا دەرھال ھاۋا ئالماشتۇرۇش لازىم.

**4. پەرۋىشى:** ئاساسىي پىلەك 30 سانتىمېتىردىن ئاشقان ۋاقىتتا، سۇغىرىشقا بىرلەشتۇرۇپ، بىرىنچى يان يىلتىزىدىن 35 سانتىمېتىر يىراقلىقتا ئورەك ئېچىپ، ھەر موغا 25 ـ 30 كىلوگىرام كۈنجىرە، 15 كىلوگىرام ئورىيا بىلەن ئوغۇتلاش لازىم. مېۋىلەش ئورنىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىدىكى ئانىلىق گۈل ئېچىلغان 4 ـ، 6 ـ كۈنى، يۇمران مېۋە ياغاچ-

چىلىك چوڭلۇقتا بولغان ۋاقىتتا قايتىدىن مېۋە يوغىنىتىش ئوغۇتى بېرىش لازىم. ھەمدە سۇغىرىشقا بىرلەشتۇرۇپ، پىلەك تارتقان بىرىنچى يان يىلتىزدىن40 سانتىمېتىر ئارىلىقتا ئورەك ئېچىپ، ئىككى ئاممونىيلىق فوسفات (磷酸二铵) ئوغۇتىدىن ھەربىر موغا 10 ـ 15 كىلوگىرام كالىيلىق ئوغۇتتىن بەش كىلوگىرام بېرىش لازىم. مايسا ئولتۇرغۇزۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەر 7 ـ10 كۈندە بىر قېتىم يوپۇرماق ئوغۇتى پۈركۈش كېرەك. بۇنىڭدا 30 گىرام كالىي دىھىدروفوسفات (磷酸二氢钾)، 20 گىرام ئورىيا (尿素)، 20 تامچە پۈركۈش گۆھىرى (喷施宝)، 10 كىلوگىرام سۇنى ئارىلاشتۇرۇپ پۈركۈش كېرەك. ھەر 5 ـ 7 كۈندە بىر قېتىم سۇغىرىش، ھوسۇل يىغىۋېلىشتىن بىر ھەپتە ئىلگىرى سۇيىنى توختىتىش لازىم. مېۋىلەش مەزگىلىدە پىلەك رەتلەش، مېۋە بېكىتىش، پىلەك ئۇچىنى ئۈزۈش كېرەك. ئادەتتە ئۈچ تال پىلەك قالدۇرۇپ پىلەك تارىلىدۇ. ئاساسىي پىلەكنى قالدۇرغاندىن سىرت، ياندىن ئۆسۈپ چىققان يان پىلەكلەرنى ۋاقتىدا ئېلىۋېتىپ، ئوزۇقلۇقنىڭ ئىسراپ بولۇشىنى ئازايتىش لازىم. پىلەك رەتلەشنى پىلەك تارتىش مەزگىلىدىن مېۋە توختاشتىن ئىلگىرى ئېلىپ بېرىشقا دىققەت كېرەك. يان پىلەكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 15 سانتىمېتىر بولغاندا يەنە پىلەك تارىغاندا يىلتىزنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق. ئادەتتە ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى ئانىلىق گۈلدىن پەيدا بولغان مېۋە تاللاپ قالدۇرۇلىدۇ. شىنجاڭ ۋاقتى ئەتىگەن سائەت 7:00ـ10:00 غىچە چاڭلاشتۇرۇلىدۇ. گۈل چېچىنى ئانىلىق گۈلگە تەگكۈزۈپ بەلگە سېلىپ، چاڭلاشتۇرغان ۋاقتىنى خاتىرىلەپ قويۇش كېرەك. مېۋە توختىغاندىن كېيىن، ئاساسىي پىلەكنى 15 تال ئەتراپىدا يوپۇرماق قالدۇرۇپ ئۇچىنى ئۈزسە بولىدۇ. يىلتىز، يوپۇرماقنى قوغداپ، بالدۇر ئاجىزلاپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. مېۋە يېتىلىش مەزگىلىدە «لۇيفىڭ ـ95» نىڭ 500 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى ھەر 6 ـ 7 كۈندە بىر قېتىم، ئۇدا ئۈچ قېتىم پۈركۈسە مېۋە ئېغىرلىقىنى ۋە سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. (03)

# تۇپراقنىڭ ھاۋا ئۆتكۈزۈشچانلىقىنىڭ زىرائەتلەرگە بولغان تەسىرى

ئاسىيەم رىشىت
(كەلپىن ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك رادىيو ـ تېلېۋىزىيە مەكتىپىدىن)

تۇپراقنىڭ ھاۋا ئۆتكۈزۈشچانلىقىنىڭ ياخشى ياكى ناچار بولۇشى تۇپراقتىكى ئوغۇت كۈچىدىن پايدىلىنىشقا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق، زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە زىيان يەتكۈزىدۇ. تۇپراقنىڭ ھاۋا ئۆتكۈزۈشچانلىقى ياخشى بولمىغاندا، ئوكسىگېن يېتەرسىز بولۇپ، زىرائەتلەرنىڭ يىلتىز سىستېمىسىنىڭ نەپەسلىنىشى توسالغۇغا ئۇچراپ، يىلتىزنىڭ سۇ ۋە ئوغۇتنى سۈمۈرۈش ئىقتىدارى ئاجىزلايدۇ.

ئوخشاش بولمىغان زىرائەتلەرنىڭ ئوكسىگېنغا بولغان ئېھتىياجى ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن، قىچا، ئارپا مايسىلىرى تۇپراق تەركىبىدىكى ئوكسىگېن مىقدارى 9.5% تىن تۆۋەن بولسا، ئۆسۈپ يېتىلىشى زور دەرىجىدە تەسىرگە ئۇچرايدۇ، لېكىن شال مايسىلىرى تۇپراق تەركىبىدىكى ئوكسىگېن مىقدارى 3% بولغان ئەھۋالدىمۇ نورمال ئۆسۈپ يېتەلەيدۇ. بۇ ئوخشاش بولمىغان زىرائەتلەرنىڭ ئوكسىگېنغا بولغان ئېھتىياجىدا پەرق بارلىقىنى، لېكىن ھەر قانداق زىرائەت ئېھتىياجلىق بولىدىغان ئوكسىگېن يېتەرلىك بولمىسا ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا تەسىرگە ئۇچرايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئوكسىگېن قانچە كەمچىل بولغانسېرى تەسىرىمۇ شۇنچە ئېغىر بولىدۇ.

تۇپراقنىڭ ھاۋا ئۆتكۈزۈشچانلىقى بىلەن سۇنىڭ بىۋاسىتە مۇناسىۋىتى بار، سۇمۇ تۇپراق ئۈنۈمدارلىقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. تۇپراق قۇرۇلمىسىدا، سۇ ئىككى تەرەپلىمىلىككە ئىگە: سۇ بولمىسا، زىرائەتلەر تۇپراقتىكى ئوزۇقلۇقنى سۈمۈرەلمەيدۇ؛ سۇ زىيادە كۆپ بولسا تۇپراقنىڭ ھاۋا ئۆتكۈزۈشچانلىقى ناچار بولىدۇ. ئوكسىگېن يېتەرسىز بولسا، قىش ۋە ئەتىياز پەسلىدە تۇپراقنىڭ تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا زەھەرلىك ماددىلار كۆپىيىپ، زىرائەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ.

تۇپراقنىڭ ھاۋا ئۆتكۈزۈشچانلىقى تۇپراقتىكى مىكرو ئورگانىزملارغا

تەسىر يەتكۈزىدۇ. تۇپراقنىڭ ھاۋا ئۆتكۈزۈشچانلىقى ناچار بولغان ئەھۋالدا، ئورگانىك ماددىلارنىڭ پارچىلىنىشىنى ئاستىلىتىپ، زىرائەتلەردە زىيانلىق ماددىلار شەكىللىنىدۇ. مەسىلەن: ھىدرو سۇلفىت، تۆۋەن دەرىجىدىكى تۆ- مۈر - مانگان، ئورگانىك كىسلاتا قاتارلىقلار. تۇپراقنىڭ ھاۋا ئۆتكۈزۈش- چانلىقى زىيادە كۈچلۈك (بىنەم يەردىكى يىرىك، قۇمساڭ) تۇپراقتا، ھاۋاغا ماسلىشىشچان مىكرو جانلىقلار ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدىغان بولغاچقا، ئورگانىك ماددىلارنىڭ پارچىلىنىشى كۈچلۈك بولىدۇ.

ئادەتتە ئېتىزلىقتىكى يىلتىز سىستېمىسىنىڭ ھەرىكەت قاتلىمىدىكى كاربون تۆت ئوكسىدنىڭ قويۇقلۇقى تەخمىنەن 0.5% ـ 3%، ئوكسىگېن 16% ـ 20% بولغاندا يىلتىز سىستېمىسى ئاندىن نورمال ئۆسۈپ يېتىلە- لەيدۇ. مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، كۆپ ساندىكى زىرا- ئەتلەرنىڭ يىلتىزى، ئوكسىگېننىڭ مىقدارى 10% دىن تۆۋەن بولغان تۇپراقتا ئۆسۈپ يېتىلىشى ياخشى بولمايدىكەن، تۇپراقتىكى كاربون تۆت ئوكسىدنىڭ مىقدارى 10% دىن ئاشقان ئەھۋالدىمۇ زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىسىزكەن.

تۇپراقنىڭ ھاۋا ئۆتكۈزۈشچانلىقى ياخشى بولمىغاندا، يىلتىز سىستې- مىسىنىڭ ئوزۇقلۇقنى سۈمۈرۈشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش دەرىجىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بۇنىڭدا ئازوت ۋە فوسفورنىڭ سۈمۈرۈلۈشىنىڭ تەسىر- گە ئۇچرىشى ئەڭ چوڭ بولىدۇ. داۋاملىق تۇپراقنىڭ ھاۋا ئەھۋالىنى تەڭ- شەپ تۇرۇش، زىرائەتلەردىن مول ھوسۇل ئېلىشنىڭ مۇھىم ھالقىسى. تۇپراقنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاشتا، ئورگانىك ئوغۇتنى كۆپەيتىپ، تۇپراق قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاپ، تۇپراقنىڭ ھاۋا ئۆتكۈزۈشچانلىقىنى ئاشۇرۇش لازىم. فوسفور كەمچىل تۇپراقنىڭ سۈيىنى چىقىرىش ئېرىقى چېپىپ، يەر ئاستى سۈيى ئورنىنى تۆۋەنلىتىش كېرەك.

تۇپراقنىڭ ھاۋا ئۆتكۈزۈشچانلىقىنى تەڭشەش ۋە ياخشىلاش ئۇسۇلى

مۇنداق: (1) مۇۋاپىق سۇ چىقىرىۋېتىش سىستېمىسى ياساپ، ئارتۇق سۇنى چىقىرىۋېتىپ، مۇۋاپىق تۇپراق نەملىكىنى ساقلاش لازىم؛ (2) يەرنى مۇۋاپىق چوڭقۇر ئاغدۇرۇش، ئورگانىك ئوغۇت بىلەن تولۇق ئوغۇتلاش لازىم. ۋاقتىدا كولتىۋاتسىيە قىلىپ يۇمشىتىش، ئاز ـ ئازدىن سۇغىرىپ، ئاپتاپقا سېلىش كېرەك. كولتىۋاتسىيە قىلىپ يۇمشاتقاندا، يامغۇر سۈيى ۋە سۇغىرىش سەۋەبى بىلەن تۇپراق قېتىۋالغان بولسا، ۋاقتىدا قايتا يۇمشىتىپ تۇپراقنىڭ ھاۋا ئۆتكۈزۈشچانلىقىنى ياخشىلاش لازىم؛ (3) ھەر خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ تۇپراق قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاپ، سۇ بىلەن ھاۋا ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ۋاقتىدا ھەل قىلىش كېرەك، بۇنىڭدىكى ئەڭ ئۇنۈملۈك ئۇسۇل بولسا چۆنەك تارتىپ تاتلىق بەرەڭگە تېرىسا ئۈنۈمى ئەڭ ياخشى بولىدۇ. تاتلىق بەرەڭگە تۈگۈنەك يىلتىزلىق زىرائەت بولغاچقا چۆنەك تارتىپ تېرىسا سۈيىنى چىقىرىۋېتىشقا ۋە ھاۋا ئۆتكۈزۈشكە پايدىلىق. قىچا، بۇغداي، قوناق ۋە كېۋەز قاتارلىق قۇرغاقچىلىققا چىدامىلىق زىرائەتلەرنى تېرىغاندا، «ئېرىق چوڭقۇر ھەم تار بولۇشقا» ئەمەل قىلىنسا تۇپراقنىڭ ھاۋا ئۆتكۈزۈشچانلىقىنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ. بىر قىسىم يەر ئاستى سۇ ئورنى يۇقىرى رايونلار ئۇستى ئوچۇق ئېرىق ياكى يېپىق ئېرىق ئۇسۇلى ئارقىلىق سۇنى چىقىرىۋەتكەندە قۇرغاقچىلىققا چىدامىلىق زىرائەتلەردىن بىخەتەر ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يېپىشقاقلىقى كۈچلۈك تۇپراققا، قۇم ياكى شاخ ـ شۇمبىلار، توپىغا ئارىلاشتۇرۇلغان گەندە قاتارلىق ئورگانىك ئوغۇت چېچىپ، تۇپراق قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش كېرەك.

تۇپراقنىڭ ھاۋا ئۆتكۈزۈشچانلىقىنى ياخشىلاش قۇرغاقچىلىققا چىدامىلىق زىرائەتلەرگىلا پايدىلىق بولۇپ قالماستىن، شالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيىتى بار. گەرچە شال ئەسلىدىنلا ھاۋا ئۆتكۈزۈش توقۇلمىسىغا ئىگە بولسىمۇ، بىراق شاللىقنىڭ ھاۋا ئۆتۈشچانلىقى ياخشى بولغاندىلا، ئاندىن تۇپراقتىكى ئوزۇقلۇقنىڭ ئۈنۈمى بولىدۇ ۋە يېڭى يىلتىز شەكىللىدۇرۇپ، مەھسۇلاتنىڭ يۇقىرى بولۇشىغا پايدىلىق بولىدۇ. (05)

# ئۆي قۇشلىرىنىڭ مايىقلىرىنى كۆكتاتلىققا ئىشلىتىشتە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

گۈلقىز ئابدۇۋايىت
(يوپۇرغا ناھىيە يوپۇرغا يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

1. ئۆي قۇشلىرىنىڭ مايىقلىرىنى تولۇق چىرىتىپ ئىشلىتىش كېرەك. چىرىمىگەن ئۆي قۇشلىرىنىڭ مايىقى تەركىبىدە ھەر خىل پارازىت قۇرت كېسەللىك مىكروبى ۋە ھەر خىل ئوت - چۆپ ئۇرۇقلىرى بولىدۇ. بۇنداق مايىقنى تۇپراققا ئىشلەتسە كۆكتاتلارغا زىيان يەتكۈزىدۇ ھەمدە پارچىلىنىش جەريانىدا يۇقىرى ھارارەت ھاسىل قىلىپ، مايسىنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. شۇڭا قۇش مايىقلىرىنى توپا ياكى ئۆسۈملۈك كۆلى، كالتسىي سۇپېرفوسفات (过磷酸钙) بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، دۆۋىلەپ چىرىتكەندىن كېيىن ئىشلىتىش كېرەك. بۇنداق قىلغاندا پارازىت قۇرت تۇخۇمى ۋە ئوت - چۆپ ئۇرۇقلىرىنى يوقاتقىلى، ئىسسىقلىقنى تۆۋەنلەتكىلى بولىدۇ.

2. پارنىكتا ئۆي قۇشلىرىنىڭ مايىقلىرىنى ئىشلەتكەندە ھاۋا ئۆتۈشتۈرۈشكە دىققەت قىلىش كېرەك. توخۇ مايىقىنىڭ ئىسسىقلىقى يۇقىرى بولغاچقا، پارنىك ئىچىدىكى يۇقىرى تېمپېراتۇرا زور مىقداردا كاربون چالا ئوكسىدى بىلەن ھىدرو سۇلفىت ئاجرىتىپ چىقىرىپ، پارنىكنىڭ ھاۋاسىنى بۇلغاپ كۆكتاتلارنىڭ ئۆسۈشىنى تورمۇزلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن توخۇ مايىقى ئىشلەتكەندە چوقۇم پارنىكنىڭ ھاۋاسىنى بالدۇر ئالماشتۇرۇپ، پارنىك ئىچىدىكى زەھەرلىك گازلارنى چىقىرىۋېتىش كېرەك.

3. ئىشقار زىيىنىدىن ساقلىنىش كېرەك. توخۇ مايىقى ئىشقارلىق ئوغۇت ھېسابلىنىدۇ. توخۇ مايىقى بىلەن كۆكتاتلارنى ئوغۇتلىغاندا يەرنىڭ ئىشقارلىقى ئېشىپ كېتىپ، مايسىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى تەسىرگە ئۇچراشتىن ساقلىنىش ياكى كىسلاتالىق توپىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش كېرەك. ئادەتتە ئېچىتىلغان توخۇ مايىقىغا ئاز مىقداردا باشقا ھايۋانلارنىڭ قىغىنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئاندىن يېرىم ھەسسە مۇنبەت توپا ئارىلاشتۇرۇپ ئوغۇتلاش كېرەك.

4. ئازوتنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىدىن ساقلىنىش كېرەك. قۇش مايىقى تەركىبىدە سۈيدۈك كىسلاتا ھالىتىدىكى ئازوت بولۇپ، تولىمۇ تۇراقسىز كېلىدۇ. نەم شارائىتتا ئاسانلا نىترات ۋە ئاممونىي ھالىتىدىكى ئازوتقا پارچىلىنىپ ئازوتنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆكتاتلىقنى ئوغۇتلىغاندا، قۇرلاپ تېرىش، ئورەكلەپ ئوغۇتلاش قاتارلىق چوڭقۇر ئوغۇتلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىش، ئوغۇتلاپ بولغاندىن كېيىن دەرھال توپا بىلەن كۆمۈپ، ئازوتنىڭ پارچىلىنىپ ئۇچۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. (05)

# ياڭاق ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى

مۇيەسسەر ھەسەن ئاتىكەم ئۇرايىم
(قەشقەر يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىدىن)

**1. سورت تاللاش:** ياخشى ئۆسىدىغان، ساغلام، شاخلىنىشى كۈچلۈك، مەھسۇلاتى يۇقىرى سورتلارنى تاللاش لازىم.

**2. باغ ئەھيا قىلىش:** قۇر - تۈپ ئارىلىقىنى 3 × 4 مېتىر، چاڭلاشتۇرغۇچى سورت نىسبىتىنى1 : 4 قىلىش كېرەك. ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر، كەڭلىكى بىر مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 80 سانتىمېتىر قىلىپ ئورەك كولاش، ئۈستۈنكى قىسمىدىكى تۇپىسى بىلەن ئاستىنقى تۇپىسىنى ئايرىم - ئايرىم قويۇش، ھەربىر ئورەككە تولۇق چىرىگەن مەھەللىۋى ئوغۇتتىن 50 كىلوگىرام، كالتسىي سۇپېر فوسفات (过磷酸钙) تىن500 گىرام تۆكۈش، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئورەكنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىدىكى تۇپىسىنى تۆكۈش، ئەڭ ئۈستىگە ئورەكنىڭ ئاستىنقى تۇپىسىنى تۆكۈش، ئارقىدىن سۇغىرىپ تىندۇرۇش لازىم. كۆچەت تەييارلاشتا ساغلام، يىلتىز سىستېمىسى تەرەققىي قىلغان، زەخىملەنمىگەن، ئېگىزلىكى بىر مېتىردىن ئاشقان، ئىككى يىللىق، ئەلا سۈپەتلىك كۆچەتنى تاللاش كېرەك. كۆچەتنى تىككەندە بىر تەرەپتىن قومۇرۇپ، بىر تەرەپتىن تىكىش ئاندىن سۇغىرىپ، ئوسىسى كېلىشكەندىن كېيىن، سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تۇپراقنىڭ نەملىكىنى ساقلاش كېرەك. كۆچەتنى تىككەندىن كېيىن يەر يۈزىدىن 60 ـ 80 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتىكى تويۇنغان بىخنى تاللاپ ئۇچىنى كېسىش كېرەك.

**3. پەرۋىشى:** كۆچەتنى تىكىپ بىر يىلدىن ئۈچ يىلغىچە پۇرچاق تۇردىكى زىرائەتلەرنى كىرىشتۈرۈپ تېرىش لازىم. دەرەخ تاجىسىنىڭ ئاستىدىكى يەرلەرنى ئاق قالدۇرۇش، ھەر يىلى كۈزدە يوپۇرماق تۆكۈلگەندىن كېيىن شال پاخىلىنى دەرەخ تاجىسى ئاستىغا كۆمۈش، 4 ـ يىلدىن باشلاپ زىرائەت كىرىشتۈرۈپ تېرىماسلىق لازىم. ھەر يىلى كۈزدە يوپۇرماق تاشلىغاندىن بىخلانغىچە بولغان ئارىلىقتا ياڭاقلىق باغلارنى ئوغۇتلاشقا بىرلەشتۈرۈپ چوڭقۇر ئاغدۇرۇش، ھەر مو يەرنى 3000 كىلوگىرام تولۇق

چىرىگەن مەھەللىۋى ئوغۇت، 1000 كىلوگىرام قوناق شېخى، 50 كىلوگىرام بىرىكمە ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاش كېرەك. ھەر يىلى ياڭاق مېغىزلىنىش مەزگىلىدە بىر قېتىمدىن قوشۇمچە ئوغۇتلاش، يەنى شاكىلى قېتىش مەزگىلىدە ھەر تۈپىگە 100 ـ 250 گىرام ئورىيا، 200 گىرام ئاممونىي فوسفات بىلەن ئوغۇتلاش لازىم. تۇپراقنىڭ نەملىك ئەھۋالىغا ئاساسەن سۇغىرىش، بولۇپمۇ بىخ مۇدۇراش مەزگىلى، يوپۇرماق كېرىلىش مەزگىلى، شاخ چىقىرىش مەزگىلى، چېچەكلەپ مېۋە بېرىش مەزگىللىرىدىكى سۇغا كاپالەتلىك قىلىش، 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرى يوپۇرماق تۆكۈلۈشتىن ئاۋۋال كۆزلۈك ئوغۇتلاشقا بىرلەشتۈرۈپ سۇغىرىپ، ياڭاقنىڭ بىخەتەر قىشتىن ئۆتۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

**4. شەكىلگە كەلتۈرۈپ چاتاش:** ياڭاقنى چاتاشتا شالاڭ قەۋەتلىك شاخ شەكلى قوللىنىلىدۇ. ئاساسىي غولنىڭ ئېگىزلىكى بىر مېتىر ئەتراپىدا، ئاساسىي شاخ 2 ـ 3 قەۋەت، ھەربىر قەۋەتنىڭ ئارىلىقى70 سانتىمېتىر، ئاساسىي شاختىكى ئاساسىي بۇلۇڭى 60 ـ 70 گىرادۇس قىلىنىدۇ، ھەربىر ئاساسىي شاختا 3 ـ 4 يان شاخ قالدۇرۇپ چاتاش لازىم. كۆچەتنى تىكىپ 2 ـ 3 يىلغىچە ئىككىنچى ئاساسىي شاخنى تاللاپ بولۇش، ھەربىر ئاساسىي شاختا 2 ـ 3 يان شاخ بولۇش، ئۈچىنچى قەۋەتكە 1ـ 2 ئاساسىي شاخ قالدۇرۇش، ھەربىرىدە 1 ـ 2 يان شاخ قالدۇرۇش كېرەك. ئادەتتە ياڭاق مېۋىسىنى يىغىۋالغاندىن يوپۇرماق تۆكۈلگىچە چاتىلىدۇ، كۆچەتنى ئەتىيازدا چاتاش لازىم. شەكىلگە كەلتۈرۈپ چاتاشتا بەك زىچ ئۆسكەن، قايچىلىشىپ ئۆسكەن شاخ، رىقابەتچى شاخ، قۇرىغان شاخ ۋە كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغان شاخلارنى كېسىش لازىم. ھەرقايسى تايانچ شاخلارنىڭ ئۆسۈشىنى تەڭشەپ، مېۋە شاخ گۇرۇپپىسى يېتىشتۈرۈش لازىم. مېۋە بېرىۋاتقان ياڭاق دەرەخلىرىنى چاتىغاندا مېۋىلىك شاخلارنى يېڭىلاشقا ئەھمىيەت بېرىش، ئاجىزلىرىنى ئېلىۋېتىپ كۈچلۈكلىرىنى قالدۇرۇش، بويىغا زورلاپ ئۆسكەن شاخلارغا نىسبەتەن مۇۋاپىق قالدۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىش لازىم.

**5. چېچەك، مېۋىلىرىنى باشقۇرۇش:** ياڭاقتا ئاتىلىق چېچەك زىيادە كۆپ بولۇپ كەتسە، چاڭلاشتۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىن سىرت، دەرەخ تېنىدىكى ئوزۇقلۇقنى خورىتىدۇ، شۇڭا ئاتىلىق چېچەكنى مۇۋاپىق شالاڭلىتىش، چېچەك مەزگىلىدە ئانىلىقنى سۈنئىي چاڭلاشتۇرۇشقا ياردەم بېرىش، ئانىلىق چېچەك بىلەن ئاتىلىق چېچەكنىڭ نىسبىتىنى 1:40 قىلىش لازىم. كونكرېت ئۇسۇلى مۇنداق: چاڭ تارقىتىشقا باشلىغان ئاتىلىق گۈل رېتىنى قۇرغاق، تەسكەي، 20℃ ـ 25℃ لۇق شارائىتتا 24 ـ 48 سائەت تۇرغۇزغاندا، چاڭداندىن چاڭ دانچىسى تولۇق يىغىۋېلىنىدۇ. ئانىلىق گۈلنىڭ ئانىلىق تۇمشۇقى شىلىمشىق سۇيۇقلۇق ئاجرىتىپ چىقارغان ۋاقتى چاڭلاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتى ھېسابلىنىدۇ. يىغىۋېلىنغان چاڭ دانىسى بىلەن ئۇننى 1:10 نىسبىتى بويىچە تەييارلاپ، سۈنئىي پۈركۈگۈچكە قاچىلاپ ئانىلىققا پۈركۈشتە ھاۋا ئوچۇق، شەبنەم قورىغان، شامالسىز كۈننى تاللاپ چاڭلاشتۇرۇش كېرەك. ئادەتتە ئەتىگەن شىنجاڭ ۋاقتى سائەت يەتتىدىن توققۇزغىچە، چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتىن بەشكىچە چاڭلاشتۇرسا مۇۋاپىق بولىدۇ.

**6. كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش:** ياڭاقتا كۆپرەك كۆيدۈرگە كېسىلى، قارا داغ كېسىلى، ياڭاقنىڭ چىرىش كېسىلى قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ. ئالدىنى ئېلىشتا، قىشتا باغلارنى پاكىز تازىلاش، كېسەل تەگكەن، قۇرىغان شاخلارنى يىغىپ چوڭقۇر كۆمۈۋېتىش لازىم. ياڭاق بىخلىنىشتىن ئاۋۋال بائومې 3 ـ 5 گىرادۇسلۇق ھاك ـ گۈڭگۈرت بىرىكمىسىنى چېچىش، تىنچلىنىش مەزگىلىدە چىرىگەن قوۋزاقنى قىرىپ، مىكروب يوقاتقۇچى دورىلارنى چېچىش كېرەك. ياڭاقتىكى قارا داغ كېسىلى، كۆيدۈرگە كېسىلى ئادەتتە 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا 200 ھەسسىلىك بوردو سۇيۇقلۇقىنى ياكى 50% لىك باۋىستىن (多菌灵) نەملىنىشچان پاراشوكىنى 800 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ چاچسا ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. (02)

# ياڭاق ئۇرۇقىنى تېرىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش ئۇسۇلى

ئانارگۈل ناسىر
(خوشۇت ناھىيە چۇقۇ يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

**1. ئۇرۇق تاللاش:** ھەر خىل تەبىئىي شارائىتقا ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك، ئەلا سورتلۇق، يۇقىرى ھوسۇللۇق ياڭاق كۆچىتىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن، ئەلا سۈپەتلىك ياڭاق ئۇرۇقىنى تاللاپ يىغىشمۇ ئوخشاشلا ناھايىتى مۇھىم. ئۇلاق ئاستى كۆچەتلىرىنى يېتىشتۈرۈشتە، ئۇرۇقلۇق قىلىشقا بولىدىغان، ساغلام ئۆسكەن، كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىمىغان، دانىسىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولغان ياڭاق ئۇرۇقلىرى تاللاپ تېرىلىدۇ. تولۇق پىشقان، ساغلام ئۆسكەن تۇپلەردىن يىغىۋېلىنغان ئۇرۇقلۇق ياڭاق ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان، كۈن نۇرى تەگمەيدىغان جايدا قۇرۇتۇلۇپ، ئىسكىلاتلاردا ساقلىنىدۇ. ئۇرۇقلۇق ئۈچۈن مېۋىسى يىغىۋېلىنىدىغان ئانا دەرەخ تۇپلىرىگە «مەخسۇس ئۇرۇقى يىغىلىدىغان ئانا دەرەخ تۈپى» دەپ نام قويۇپ، بەلگە ئېسىپ ئۇنى ئوبدان پەرۋىش قىلىش، ساغلام ئۆسۈشكە كاپالەتلىك قىلىش، ئۇرۇقلىرىنى دەل ۋاقتىدا يىغىۋېلىش لازىم.

**2. يەر تەييارلاش:** ئۇرۇقىنى تېرىشتىن بۇرۇن تاللىغان يەر چوقۇم سۈيى مول، تۇپراق قاتلىمى قېلىن، قومساڭ، مۇنبەت تۇپراقلىق يەرلەر بولۇشى كېرەك. ئادەتتە ياڭاق دەرىخى شورلۇق، زەيكەشلىكلەردىن ئېقىپ كەلگەن سۇنى ياڭاق تېرىشقا تەييارلانغان تۇپراققا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. ئۇرۇق تېرىشتىن بۇرۇن تاللىغان يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ، 700 ـ 900 كىلوگىرامغىچە چارۋا مال قىغى ياكى چىرىندى ئوغۇت تۆكۈپ، تۇپراق بىلەن تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، تەكشى تۈزلەش كېرەك. ئەگەر تاللىغان يەرنىڭ تۇپرىقى قاتتىق، سېغىز ئارىلاش تۇپراق بولسا 5 ـ 6 سانتىمېتىر قۇم تۆكۈپ قىغ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، قايتا ئاغدۇرۇپ تۈزلەش لازىم.

**3. ئۇرۇق تېرىش ۋاقتى ۋە ئۇسۇلى:** ياڭاق ئۇرۇقىنى تېرىشتا ئەتىياز پەسلىدە ئوخشاشلا چۆنەك تارتىپ تېرىلىدۇ، چۆنەكنىڭ چوڭقۇرلۇقى 15 ـ 20 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، چۆنەك ئارىلىقى 60 ـ 80 سانتىمې-

تىر كەڭلىكتە، سېلىنىدىغان ئۇرۇق ئارىلىقىنى 9 ـ 10 سانتىمېتىر ئۇزۇن-لۇقتا، 6 ـ 8 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا كۆمۈش كېرەك. ئۇرۇقنى چوڭ نەككە سال-غاندا ئۇرۇقنىڭ يان قىرىنى يەرگە قارىتىپ ئۇزارتىپ سېلىش لازىم.

ياڭاق ئۇرۇقى ئەتىياز پەسلىدە 4 ـ ئاينىڭ بېشىدىن 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىگىچە تېرىلسا ئەڭ مۇۋاپىق بولۇپ، ئەتىياز پەسلىدە ياڭاق ئۇرۇقىنى تېرىشتا ئالدى بىلەن ئۇرۇق سۇغا چىلىنىدۇ، ئادەتتە نېپىز پوستلۇق يا-ڭاقلار 24 ـ 48 سائەت ئەتراپىدا سۇغا چىلانسا بىخلىنىپ سۇغا چىلىنىش ۋاقتى قىسقىراق بولىدۇ. ئەمما قېلىن پوستلۇق ياڭاق 10 ـ 15 كۈنگىچە ئەتراپىتا سۇغا چىلىنىشى كېرەك. ياڭاق پوستى ئاساسەن يېرىلىپ ياكى بىخ-لىنىپ بولغاندا ئاندىن تېرىش لازىم. يەنە شۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەككى، ئۇرۇقنى سۇغا چىلىغاندا، ئۇرۇق چىلانغان سۇنى ھەر كۈنى ئال-ماشتۇرۇش ياكى ئېقىن سۇغا چىلاش لازىم.

ئەتىياز پەسلىدە يەرنى تەييارلاپ بىر قېتىم يېنىك سۇغىرىپ، يەر تاۋلانغاندىن كېيىن ئۇرۇق تېرىلىدۇ. ئۇرۇقنى تېرىپ بولۇپلا تۇپراقتىكى ئەسلىدە بار بولغان نەملىكنى ساقلاپ قېلىش ۋە تېمپېراتۇرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇستىگە بىر قەۋەت سۇلياۋ يوپۇق يېپىش لازىم. ئۇرۇق ئۈنۈپ چىققاندىن كېيىن سۇلياۋ يوپۇقنى ئاۋايلاپ تۆشۈك ئېچىپ بېرىش ۋە يېنىك سۇغىرىش، تەكشى ئۈنمىگەن قۇرلارغا زىچ ئۆسكەن ئورۇنلاردىكى كۆچەتلەرنى توپىسى بىلەن قومۇرۇپ تولۇقلاپ تىكىش لازىم.

4. كۈز پەسلىدىكى ياڭاق ئۇرۇقىنى تېرىش ۋاقتى 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن باشلاپ يەر توڭلاشتىن بۇرۇنقى ۋاقىت ئەڭ ياخشى پەيت. كۈز پەسلىدە ياڭاق ئۇرۇقى تېرىش ئەتىياز پەسلىدە ياڭاق ئۇرۇقى تېرىش ئۇ-سۇلىغا قارىغاندا بىرقەدەر ئاددىيراق بولۇپ، يەر توڭلاشتىن بۇرۇن ياڭاق ئۇرۇقىنى بىۋاستە تېرىسىلا بولىدۇ. تېرىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇرۇق تېرىلغان يەرگە توڭ ياتقۇزۇش لازىم. كۈز پەسلىدە تېرىلغان ئۇرۇقنىڭ ئە-تىياز پەسلىدە تېرىلغان ئۇرۇققا قارىغاندا بىخلىنىش نىسبىتى تۆۋەنرەك بولىدۇ، شۇڭا ياڭاقنى ئەتىيازدا تېرىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. (03)

# چىلان كۆچىتى تىككەندە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار

سىيىت مەخمۇت

(يېڭىسار ناھىيە توپلۇق يېزىلىق ئورمانچىلىق پونكىتىدىن)

چىلان ئوزۇقلۇق ۋە دورىلىق قىممىتى كوزۇر مېۋە بولۇپ، تېرىپ ۋە تىكىپ ئۆستۈرگەندە تېز مېۋىگە كىرىدىغان ھەم تېز ئۈنۈم بېرىدىغان، مول ھوسۇللۇق ئىقتىسادىي ئورمان بولۇپ، ھازىر ئاپتونوم رايونىمىز باغۋەنچىلىكىدىكى تۆۋرۈك كەسىپلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جايلاردا ئۈنۈملۈك ئۇسۇللار قوللىنىلىپ، چىلان كۆلىمى زور دەرىجىدە كېڭىيىپ، بۇ جەھەتتە قولغا كېلىۋاتقان نەتىجىلەر خېلى ياخشى بولسىمۇ، ئەمما ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرمۇ ئاز ئەمەس. شۇڭا چىلان كۆچىتى تىككەندە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

1. چىلان تىكىدىغان تۇپراقنىڭ ئوسىسىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. كۆچەت تىكىپ باغ ئەھيا قىلىشتا، تۇپراق نەملىكى مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا كۆچەت تىكىشتىن بۇرۇن تۇپراق نەملىكىنىڭ ياخشى بولۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش، يەنى توپىنى ئالمىقانغا ئېلىپ سىققاندا مونەك بولىدىغان، تاشلىۋەتسە ئۇۋۇلۇپ كېتىدىغان بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا كۆچەتنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

2. كۆچەت يىلتىزى قومۇرۇلۇش جەريانىدا زەخىملەنمىگەن، تىمەن ئۆسكەن، يان يىلتىزلىرى كۆپ، كېسەللىك، ھاشارات زىيىنىغا ئۇچرىمىغان، يىلتىز سىستېمىسى تەرەققىي قىلغان، يان يىلتىزى ۋە چاچما يىلتىزلىرى بىرقەدەر كۆپ بولۇش لازىم، كۆچەت تىككەندە ئەلا سۈپەتلىك كۆچەتلەرنى تاللاپ تىكىش كېرەك.

3. چىلان كۆچىتىنى قومۇرۇش ۋە تىكىش ۋاقتىنى ياخشى ئىگىلەش كېرەك. كۆچەتنى ئۇدۇللۇق قومۇرۇپ، ئۇدۇللۇق يۆتكەپ، ئۇدۇللۇق تىكىشكە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. يۆتكەشتە كۆچەتنى ياخشى ئوراپ، قۇ-

روپ قىلىشتىن ساقلاشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. تىكىش تەييارلىقى پۈتمىگەن بولسا، كۆچەتنى دەرھال ۋاقىتلىق تىكىپ قويۇش كېرەك، ئەمما تىكىش ۋاقتىنى چوقۇم ياخشى ئىگىلەش كېرەك. چوڭ كۆچەتلەرنى توپىسى بىلەن تىكىشكە ئەھمىيەت بېرىش، ئەگەر تىكىش ۋاقتى بالدۇر ياكى كېيىن بولۇپ قالسا، ئەي بولۇش نىسبىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا كۆچەتلەر بىخلىنىشقا ئاز قالغان ۋاقىتتا تىكىلسە ئەڭ ياخشى بولىدۇ. چىلاننىڭ بىخلىنىشى باشقا كۆچەتلەرگە قارىغاندا، نىسبەتەن كېيىن بولغانلىقتىن، ئادەتتە باشقا كۆچەتلەرگە قارىغاندا 10 ـ 15 كۈن كېچىكتۈرۈپ تىكىش كېرەك. كۆچەت تىكىشنىڭ تېمپېراتۇرىغا بولغان تەلىپىمۇ بىرقەدەر يۇقىرى بولۇپ، ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 18℃ يۇقىرى بولغاندا تىكىش كېرەك. سۇنىڭ يارلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، تىكىپ بولغاندىن كېيىن، كۆچەتنىڭ ئەتراپىغا سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ، توپا بىلەن چىڭ باستۇرۇۋېتىش كېرەك. كۆچەت تىككەندىن كېيىن ۋاقتىدا سۇغىرىپ، كۆچەت يىلتىزىنىڭ تۇپراققا ۋاقتىدا ئۆزلىشىش ئۈچۈن تۇپراق نەملىكىگە قاراپ ۋاقتىدا سۇغىرىش كېرەك.

4. چىلاندىن ياخشى ھوسۇل ئېلىش ئۈچۈن سورت تاللاشقا دىققەت قىلىش، ئەلا سۈپەتلىك، ئۆز يېرىنىڭ تەبىئىي شارائىتىغا خاس يېتىشتۈرگەن، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە كەسپىي تارماقلار يېتىشتۈرگەن ياكى سىرتتىن كىرگۈزۈپ ئۆزلەشتۈرۈپ كېڭەيتكەن، ئۆلانغان كۆچەتلەرنىڭ ئۆلاق ئورنى تولۇق پۈتكەن سورتلارنى تاللاپ تىكىشكە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

چىلان كۆچىتىنى تىككەندە، يۇقىرىقى تېخنىكىلىق تەلەپلەرگە يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرگەندە، چىلانچىلىقتىن ياخشى ئىقتىسادىي نەپكە ئېرىشكىلى بولىدۇ. (03)

# چىلان كۆچەتلىرىنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتىنى يۇقىرىلىتىش ئۇسۇلى

ئوسمان قاسىم
(چەرچەن ناھىيە ئارال يېزىلىق ئورمانچىلىق پونكىتىدىن)

كۆچەتلەرنى تىكىش ۋاقتىدا بەزى كۆچەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دېھقانلار كۆچەتنى بالدۇر قومۇرۇپ، بالدۇر سېتىپ چىقىرىشنى مەقسەت قىلىپ، قارىغۇلارچە كۆچەت قومۇرۇپ تىجارەت قىلغاچقا، كۆچەتلەرنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى تۆۋەنلەپ كېتىۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا چىلان كۆچىتى تىكىش جەريانىدا تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك:

1. كۆچەت قومۇرىدىغان سايمانلار ئۆلچەمسىز بولۇش، كۆچەت قومارغۇچى بىخەستەلىك قىلىش تۈپەيلىدىن كۆچەتلەرنىڭ چاچما يىلتىزى ياكى غول يىلتىزى زەخىملىنىش، كۆچەت قومارغاندا توپىسى بىلەن قومارماسلىق ياكى يەر بەك قۇرغاق ۋاقىتتا كۆچەت قومۇرۇش قاتارلىقلار كۆچۈرۈپ تىكىلىدىغان چىلان كۆچەتلىرىنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتىگە تەسىر يەتكۈزىۋاتىدۇ. شۇڭا كۆچەت قومۇرۇش جەريانىدا بۇ نۇقتىلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

2. چىلان كۆچەتلىرىنى قومۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، كۈن نۇرى بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىش ۋاقتىنى ئۇزارتىۋەتمەسلىك لازىم، چىلان كۆچەتلىرى قومۇرۇلۇپ ئون مىنۇت تۇرۇپ قالسا، ئەي بولۇش نىسبىتى 25% ـ 30% تۆۋەنلەپ كېتىدۇ؛ ئەگەر كۆچەت كۈن نۇرىدا 4 ـ 5 سائەت تۇرۇپ قالسا چىلان كۆچەتلىرىنىڭ تۇتۇش نىسبىتى ئالاھىدە تۆۋەنلەپ كېتىدۇ، شۇڭلاشقا كۆچەتلەرنى قومۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، كۆچەتنىڭ يىلتىزىنى ئامال بار سۇزۇك سۇغا 2 ـ 3 سائەت چىلاپ ئاندىن تىكىش كېرەك. ئۆز جايىنىڭ كۆچىتى بولسا سۇغا چىلىماي تىكسە بولۇۋېرىدۇ. ئادەتتە كۆچەت قومۇرۇلۇپ 10 مىنۇت ئىچىدە تىكىپ بولسا تۇتۇش نىسبىتى يۇقىرى بولىدۇ.

3. قومۇرۇلغان چىلان كۆچەتلىرىنى يۆتكەشكە توغرا كەلسە مۇۋاپىق قىلىپ باغلاش ۋە ئۈچىنى كېسىش، ئاندىن چىگە تاغارلارغا نەم ھەرە كېپىكىنى 2 ـ 3 كىلوگىرام قاچىلاپ، ئۈستىگە تەييارلانغان كۆچەتلەرنى سېلىپ يۆتكەش كېرەك.

4. يۆتكەيدىغان ياكى قومۇرۇلىدىغان كۆچەتلەرنى قويغان ۋاقىت بىلەن كۆچەتنى كۆچۈرۈپ بولغۇچە بولغان ئارىلىقنى بەك ئۇزارتىۋەتمەستىن ساقلىنىش كېرەك، بولمىسا كۆچەتنىڭ تۇتۇش نىسبىتىگە تەسىر يېتىدۇ.

5. چىلان كۆچىتى كۆچۈرۈلۈپ تىكىلىدىغان ئورەكنى كۆچەتلەرنى قومۇرۇشتىن ياكى يۆتكەپ توشۇشتىن ئىلگىرى ئۆلچەم بويىچە كولاش، ئورەك ئاستىغا ئورگانىك ئوغۇتتىن، نەم قۇم ياكى نەملىك ساقلىغۇچى دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئورەك ئاستىغا 30 سانتىمېتىر قويۇپ تەييارلاش، كۆچەتلەرنى تىكىپ بولغاندىن كېيىن دەرھال سۇغىرىش، تۇپراق ئەھۋالىغا قاراپ ھەر 4 ـ 5 كۈندە بىر قېتىم سۇغىرىش، ئەگەر تېمپېراتۇرا بەك يۇقىرى بولسا كۈندە بىر قېتىم يېنىك سۇغىرىش كېرەك.

# قوغۇنلۇقتىكى ئوت - چۆپلەرنى خىمىيىلىك ئۇسۇلدا يوقىتىش

ئايشەمگۈل ئابلىز
(يوپۇرغا ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىن)

1. تېرىشتىن ئىلگىرى تۇپراقنى بىر تەرەپ قىلىش: 48% لىك دىلىئەن (敌力胺) مايسىمان ئېرىتمىسى ئارقىلىق، بىر يىللىق تاق ۋە قوش يوپۇرماقلىق ئوت - چۆپلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. تۇپراق تىپىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن دورىلارنىڭ ئىشلىتىش قويۇقلۇقى ئوخشىمايدۇ. قۇمساڭ تۇپراقلارغا 150 مىللىلىتىر، ئەت تۇپراققا 225 مىللىلىتىر، سېغىز تۇپراققا 300 مىللىلىتىر دورا ئىشلىتىلىدۇ. ھەر موغا پۈركۈلىدىغان دورىغا 25 ـ 30 كىلوگىرام سۇ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. دورىنى پۈركۈپ بولغاندىن كېيىن تۇپراقنى دۈملەپ ئاندىن كېيىن ئۇرۇق تېرىلىدۇ.

2. تېرىشتىن كېيىن مايسا مەزگىلىدىن بۇرۇن تۇپراقنى بىر تەرەپ قىلىش: 84% لىك دىلىئەن باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى ئوت ـ چۆپلەرنى يوقىتالايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بىر يىللىق كەڭ يوپۇرماقلىق ئوت ـ چۆپلەردىن بۇغداش، لويلا قاتارلىقلارغىمۇ ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ. ئادەتتە ھەر موغا 150 مىللىلىتىر دورا ئىشلىتىلىدۇ. تۇپراقتىكى ئورگانىك ماددا 4% ـ 3% گە يەتكەندە دورا مىقدارىنى كۆپەيتىپ، 300 ـ 350 مىللىلىتىر دورا ئىشلىتىلىدۇ. ھەر موغا پۈركۈلىدىغان دورىغا 30 ـ 40 كىلوگىرام سۇ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. دورىنىڭ ئۈنۈمىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، دورىنى تۇپراققا تولۇق ئارىلاشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

3. مايسا مەزگىلىدىن كېيىن غولىنى ۋە يوپۇرماقنى بىر تەرەپ قىلىش: 21.5% لىك گەي ساۋنېڭ (盖草能) مايسىمان ئېرىتمىسى ئارقىلىق ئوت ـ چۆپ يوقىتىش، بۇ دورا پەقەت باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى ئوت ـ چۆپلەرنى يوقىتالايدۇ. كەڭ يوپۇرماقلىق ئوت ـ چۆپلەرگە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. قوغۇنغا نىسبەتەن بىخەتەر، قوغۇننىڭ مايسا مەزگىلىدە باشاق-

---

6. چىلان كۆچەتلىرىنى يۆتكەش جەريانىدا شامالدىتىپ قويۇشتىن ساقلىنىش، مۇمكىن بولسا كۆچەتلەرنى ئورەك يېنىغا ئەكېلىپ ئاندىن خالتىدىن چىقىرىپ تىكىش لازىم.

7. چىلان كۆچەتلىرىنىڭ تۇتۇش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۈچ كۈن بۇرۇن يەرلەرنى قاندۇرۇپ سۇغىرىپ بولۇپ ئاندىن ئورەك كولاش لازىم، بۇنداق قىلغاندا كۆچەتنىڭ تۇتۇش نىسبىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. (03)

# تۆۋەن تېمپېراتۇرىنىڭ كۆكتاتلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى

ئەركىن ساۋۇر
(گۇما ناھىيە چودا يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

تۆۋەن تېمپېراتۇرىنىڭ كۆكتاتلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى كۆپ تەرەپلىمىلىك بولۇپ، نۇر بىرىكتۈرۈش (فوتوسىنتېز) رولى، نەپەسلىنىش رولى، پارلىنىش رولى، كۆكتات تېنىدىكى ماددىلارنىڭ ئۆزئارا دەۋرلىك ئايلىنىشى، يىلتىزنىڭ تۇپراقتىن ئۆزىگە كېرەكلىك ماددىلارنى قوبۇل قىلىشى، رەڭ ماددىسىنىڭ شەكىللىنىپ ئۆزىگە خاس رەڭ ھاسىل قىلىشى ھەمدە كۆكتاتلارنىڭ مورفولوگىيەلىك ۋە فىزىيولوگىيەلىك ئۆسۈپ يېتىلىشىگە زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

سىرتقى مۇھىتنىڭ تېمپېراتۇرىسى كۆكتاتلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان تېمپېراتۇرىدىن تۆۋەن بولغاندا، كۆكتاتلار ئۆششۈپ توڭلايدۇ. تېمپېراتۇرا 13℃ قا يەتمىسە يىلتىز سىستېمىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئاستىلاپ يىلتىزنىڭ ئىقتىدارى تۆۋەنلەيدۇ، تېمپېراتۇرا يەنە داۋاملىق تۆۋەنلەپ

---

لىقلار ئائىلىسىدىكى ئوت ـ چۆپلەر 2 ـ 5 يوپۇرماقلىق بولغاندا غول ۋە يوپۇرماققا پۈركۈش لازىم.

ئوت ـ چۆپ يوقىتىش ئۈنۈمىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، دورا ئىشلەتكەن ۋاقىتتا تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش كېرەك: بىر يىللىق باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى ئوت ـ چۆپلەر مەسىلەن: كۈرمەك ئوت قاتارلىقلارغا ھەر موغا 56 مىللىلىتىر دورا ئىشلىتىش، كۆپ يىللىق باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى ئوت ـ چۆپلەرگە نىسبەتەن ھەر موغا 1301 مىللىلىتىر دورا ئىشلىتىش ھەم ھەر موغا ئىشلىتىدىغان دورىغا 30 ـ 40 كىلوگىرام سۇ ئارىلاشتۇرۇش كېرەك. دورا پۈركىگەندە كۆپ ساندىكى باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى ئوت ـ چۆپلەر تەكشى ئۈنگەن، ئوت ـ چۆپلەر تېخى چاتاقلىمىغان مەزگىلدە خىمىيەلىك ئۆسۈلدا ئالغاندا كۆپ ساندىكى باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى ۋە يوقاتقىلى بولىدۇ. ئەگەر دورا چېچىپ 24 سائەتتىن كېيىن يامغۇرغا يولۇقسا دورا ئۈنۈمىگە تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ، شامال چىققان، يامغۇر ياغقان كۈنلەردە دورا چاچماسلىق كېرەك. (03)

1℃ ـ 2℃ قا چۈشۈپ قالسا كۆكتاتلارنىڭ يىلتىزلىرى ۋە تۈپلىرى توڭلايدۇ. شۇڭا پارنىك تېمپېراتۇرىسىنىڭ مۇۋاپىق بولۇشى كۆكتاتچىلىق ئىشلەپچىقىرىشتا سۈپەتلىك ۋە يۇقىرى مەھسۇلات ئېلىشنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. تۆۋەن تېمپېراتۇرىنىڭ كۆكتاتلارنىڭ نورمالنى ئۆسۈپ يېتىلىشكە كۆرسىتىدىغان تەسىرى تۆۋەندىكى تەرەپلەردە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

1. پارنىكلارغا يېڭىدىن مايسا كۆچۈرگەندىن كېيىن ھاۋادا چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلۈپ، ھاۋا ئۇدا بىرقانچە كۈن تۇتۇلۇپ، تۇپراق تېمپېراتۇرىسى 10℃ تىن تۆۋەنلەپ كەتكەندە كۆكتاتلارنىڭ بىر پۈتۈن ئۆسۈپ يېتىلىش قانۇنىيەتلىرى، مورفولوگىيەلىك ۋە فىزىيولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلىدۇ. تېمپېراتۇرا 5℃ تىن تۆۋەنلەپ كەتكەندە كۆكتاتلارنىڭ ھەرقايسى ئەزالىرىنىڭ ئۆسۈشى توختايدۇ، يېڭى كۆچۈرۈلگەن مايسىلاردا يېڭى يىلتىز شەكىللەنمەيدۇ. كونا يىلتىزلىرى ساغىرىپ، يىلتىز ھۈجەيرىلىرى تەدرىجىي نابۇت بولىدۇ، مايسىلار ئەسلىگە كېلەلمەي تەدرىجىي نابۇت بولىدۇ.

2. كۆكتاتلار مايسا مەزگىلىدە تۆۋەن تېمپېراتۇرا تەسىرىگە ئۇچرىسا پەللە يوپۇرماق چۆرىسى يېشىللىقنى يوقىتىپ ئاقىرىدۇ، ھەقىقىي يوپۇرماق شەكىللەنمەيدۇ. زىيانغا ئۇچرىغان يوپۇرماق تەدرىجىي قۇرۇلۇپ تۆكۈلىدۇ، مەسىلەن: مۇچ مايسىسى 0℃ تىن تۆۋەن تېمپېراتۇرا تەسىرىگە ئۇچرىسا توڭلايدۇ، ئۆسۈش نۇقتىسى ۋە مايسىلارنىڭ يوپۇرماقلىرى مۇزلاپ سولىشىپ قۇرۇيدۇ، ئۇرۇقلىرى بىخلىنىپ چىقماي تۇرۇپلا توڭلاپ ئۆلىدۇ، كۈز ۋە قىش پەسلىدە مايسىلار ئۇششۇپ كېتىدۇ، 0℃ تىن سەل يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا ئۇششۇپ كەتكەن مۇچ يۇمشاپ سېسىيدۇ، مۇچ مايسىسى 4℃ لۇق تېمپېراتۇرىغىمۇ مەلۇم ۋاقىت چىدايدۇ، مېۋىسى 0℃ ـ 2℃ لۇق تېمپېراتۇرىدا ئۇششۇپ كېتىدۇ، بۇ خىل تېمپېراتۇرا ئۇدا 21 كۈن داۋاملاشسا قورۇلۇپ ھەر خىل داغلار پەيدا بولىدۇ.

3. كۆكتاتلار ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە تۆۋەن تېمپېراتۇرا تەسىرىگە ئۇچرىسا، ئۇدا بىرقانچە كۈنگىچە چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلۈپ، ھاۋا تۇتۇق بولۇپ، يورۇقلۇق يېتەرلىك بولمىسا كۆكتات تۈپلىرى بويىغا زورلاپ ئاجىز ئۆسىدۇ، چۈرۈك بولۇپ ناھايىتى ئاسان سۇنۇپ كېتىدۇ، كۆكتات تېنىدىكى ئوزۇقلۇق ماددىلار ئازىيىپ، كېسەللىك، ھاشاراتقا قارشى تۇرۇشچانلىقى ۋە ئېلاستىكچانلىقى ئاجىزلاپ، چېچەك، مېۋىلىرى كۆپلەپ تۆكۈلىدۇ،

مېۋىسىنىڭ چوڭىيىشى ئاستا، پوستى نېپىز، تەمسىز، قىرتاق بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال تەرخەمەك مايسىلىرىدا كۆپرەك ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: پەمىدۇر مايسىلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە يورۇقلۇق يېتىشمەي تېمپېرا-تۇرا تۆۋەن بولسا تۇپتە ئوزۇقلۇق يېتىشمەي، چېچەك سۇپىتى ناچار بو-لۇپ، چاڭ نەيچىسى ئۇزارمايدۇ، نەتىجىدە چېچەك تۆكۈلىدۇ. ھاۋا نەملىكى يۇقىرى، ھاۋا تۇتۇق بولغاندىمۇ چاڭ دانىچىلىرى ئاسان تارقىلالماي، چاڭ-لىنىشقا تەسىر يېتىپ چېچەك تۆكۈلىدۇ.

4. كۆكتاتلارنىڭ ئۆسۈش نۇقتىسىدىكى يېگى بىخ تۆۋەن تېمپېراتۇرا ۋە ئاجىز يورۇقلۇق تەسىرىگە ئۇچرىسا ئۆسۈش توختايدۇ. ھاۋا تۇتۇق كۈن سانى كۆپ، چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلۈپ تۆۋەن تېمپېراتۇرا ئۇزاق داۋام قىلسا ئۆسۈش نۇقتىسى پۈتۈنلەي يوقايدۇ، بۇنداق ئەھۋال كۆرۈلسە قايتا مايسا كۆچۈرۈش ۋە قايتا تېرىش كېرەك.

5. كۆكتاتلار چېچەكلەش، چاڭلىنىش، مېۋىلەش ۋە مېۋىسى چوڭىيىش مەزگىلىدە ھاۋادا چاڭ- توزان كۆتۈرۈلۈپ، يورۇقلۇق ئاجىز بولۇپ، تۆۋەن تېمپېراتۇرا تەسىرىگە ئۇچرىسا چاڭلىنىش، مېۋە تۇتۇش نورمال بولماي، چېچەك مېۋىلىرى كۆپلەپ تۆكۈلىدۇ. يورۇقلۇق بەك ئاجىز بولسا چېچەك تۆكۈلۈشنى، مېۋىسىنىڭ غەيرىي شەكىللىك بولۇپ قېلىشىنى ياكى چېچەك بولسىمۇ مېۋىسى بولماسلىقتەك ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. كۆكتاتلار مايسا مەز-گىلىدە يورۇقلۇققا بولغان تەلىپى كۈچلۈك بولۇپ، يورۇقلۇق يېتەرلىك بولمىسا چېچەك بىلەن بىخنىڭ بۆلۈنۈشى كېچىكىپ، چېچەك سانى ئازىد-يىدۇ، مېۋە سۈپىتىمۇ ناچار بولىدۇ، ھەتتا چېچەك تۆكۈلىدۇ، ئاجىز يو-رۇقلۇق چېچەكنىڭ نورمال چاڭلىنىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. مېۋىلەش مەزگىلىدە يورۇقلۇق يېتەرلىك بولسا پەمىدۇر كۆپ مېۋىلەپلا قالماستىن مېۋىسى يوغان ۋە ئېغىر بولىدۇ، يورۇقلۇق ئاجىز بولسا مېۋە يېنىك ھەم كىچىك بولۇپ، يەنە ئاسانلا ئىچى كاۋاك ۋە كېسەل مېۋىلەر پەيدا بولىدۇ، شۇڭلاشقا قۇياش نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى قانچە ئۇزۇن بولسا شۇنچە ياخشى بولىدۇ. تېمپېراتۇرا تۆۋەن، يورۇقلۇق ئاجىز، ھاۋا تۇتۇق، كۆكتاتلارنىڭ تېرىش زىچلىقى بەك زىچ، تۈپ ـ قۇر ئارىلىقى مۇۋاپىق بولمىسا يورۇقلۇق يېتىشمەيدۇ ھەمدە غول، يوپۇرماق، گۈل، مېۋىلىرى ئوڭايلا سېسىپ كې-تىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تۈپنىڭ ئۆسۈشى بىنورمال ۋە ئاجىز بولۇپ، چې-

چەك، مېۋىلىرى تۆكۈلىدۇ. تېمپېراتۇرا 10℃ ـ 16℃ لۇق شارائىتتا مەيلى يورۇقلۇق ئۇزۇن ياكى قىسقا بولسۇن چېچەك، مېۋىلىرى كۆپلەپ تۆكۈلىدۇ، چاڭلىنىشى نورمال بولمايدۇ. 16℃ ـ 27℃ لۇق شارائىتتا ئۆسۈپ يېتىلىش ۋە يورۇقلۇقنىڭ ئۇزىرىشىغا ئەگىشىپ تېزلىشىدۇ. بۇ ۋاقىتتا چېچەك، مېۋىلىرى ئاسانلىقچە تۆكۈلۈپ كەتمەيدۇ، بۇ خىل ئەھۋال كۆپ ھاللاردا مۇچ ئۆستۈرگەن پارنىكلاردا كۆپرەك ئۇچرايدۇ. پەمىدۇر چېچەكلەش مەزگىلىدە تېمپېراتۇرا 16℃ تىن تۆۋەن بولسا، پىدىگەن چېچەكلەش مەزگىلىدە تېمپېراتۇرا 18℃ دىن تۆۋەن بولسا چېچەك، مېۋىلەر تۆكۈلۈپ نورمال چاڭلىنىشالمايدۇ، چاڭلاشقان تەقدىردىمۇ غەلىتە مېۋىلەرنىڭ سانى يۇقىرىلاپ، مەھسۇلات سۈپىتىگە ئېغىر تەسىرى يېتىدۇ. شۇڭلاشقا شوخلا ئۆستۈرگەندە مېۋە بېرىشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە بۇ خىل ئەھۋال كۆپ كۆرۈلىدۇ. شۇڭلاشقا غەلىتە مېۋە كۆرۈلگەندىن كېيىن دەرھال ئۈزۈۋېتىپ، ئوزۇقلۇقنىڭ بىھۇدە ئىسراپ بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

6. تۆۋەن تېمپېراتۇرا تۇپراقتىكى مىكرو ئورگانىزمىنىڭ ھەرىكىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. تېمپېراتۇرا 15℃ تىن تۆۋەنلەپ كەتسە تۇپراقتىكى نىترو باكتېرىيەلەرنىڭ نورمالنى ھەرىكىتى توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، ئامىياك ھالەتتىكى ئازوت نىترات ھالەتتىكى ئازوتقا ئايلىنالمايدۇ. نەتىجىدە ئازوتنىڭ قوبۇل قىلىنىشى تەسىرگە ئۇچراش بىلەن بىللە تۇپراقتىن قوبۇل قىلىنىدىغان ئازوت، فوسفور، كالىي ۋە ئاز ساندىكى كالتسىي، ماگنىي، بور قاتارلىق مىكرو ئېلېمېنتلارنىڭ قوبۇل قىلىنىشىغا بەلگىلىك تەسىرى تەسىر يېتىدۇ.

7. كاپوستا، كەرەپشە قاتارلىق قىسمەن ساندىكى كۆكتاتلار تۆۋەن تېمپېراتۇرا، ئاجىز كۈن نۇرى تەسىرگە ئۇچرىسا يەنى 4℃ ـ 5℃ لۇق تېمپېراتۇرا شارائىت ئۇزاق داۋام قىلسا ئاسانلا ياروۋىزاتسىيەلىنىپ، گۈل بىخنىڭ بۆلۈنۈشى كېچىكىپ، مۇقىملاشتۇرۇپ تىككەندىن كېيىن پىشماي تۇرۇپلا گۈل شېخى چىقىدۇ.

8. كۆكتاتلارنىڭ ئۇرۇقلىرى بىخلىنىش مەزگىلىدە تېمپېراتۇرىغا بولغان تەلىپى كۈچلۈك. يورۇقلۇققا بولغان تەلىپى بىرقەدەر ئاجىز بولىدۇ. بىخلىنىش مەزگىلىدە تۆۋەن تېمپېراتۇرا ئۇزاق داۋام قىلسا ئۇرۇقلار سېسىپ كېتىدۇ. (03)

# يارىنىك قوغۇن ـ تاۋۇزلىرىدىكى قىزىل ئۆمۈچۈكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى

قاھار قاسىم
(توقسۇن ناھىيە بوستان يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

قىزىل ئۆمۈچۈك بولسا ئوچۇقچىلىق يەرلەردە ۋە پارنىكتا ئۆستۈرۈلگەن كۆكتات، قوغۇن ـ تاۋۇز ۋە باشقا زىرائەتلەرگە ئاساسلىق زىيان سالىدىغان ھاشاراتلارنىڭ بىرى. پارنىكتىكى قوغۇن ـ تاۋۇزغا زىيان سالسا ئىقتىسادىي كىرىمنى 30% ئەتراپىدا تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ، شۇنداقلا ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىنى يۇقىرىلىتىۋېتىدۇ.

قىزىل ئۆمۈچۈك يوپۇرماق شىرىنىسىنى شوراپ زىيان يەتكۈزۈپ، نۇر بىرىكتۈرۈش (فوتوسىنتېز) رولىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ. قىزىل ئۆمۈچۈك زىيىنىغا ئۇچرىغان يوپۇرماق سارغىيىپ كېتىدۇ. قىزىل ئۆمۈچۈك ئاجرىتىپ چىقارغان شىلىمشىق ماددىلار يوپۇرماق ۋە مېۋىنى بۇلغايدۇ. مېۋە يېگىلەشنى، ئۆلچەمسىز بولۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، قەنت تەركىبىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. ئېغىر بولغاندا پۈتۈن تۈپ بويىچە قۇرۇپ كېتىپ، مەھسۇلات ئالغىلى بولمايدۇ. شۇڭا پارنىكتا قوغۇن ـ تاۋۇز ئۆستۈرگەن ۋاقىتتا قىزىل ئۆمۈچۈكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشتا مۇنۇلارنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.

1. پارنىكنىڭ تۇپراق ۋە ھاۋاسىنى دېزىنفېكسىيەلەشكە بىرلەشتۈرۈپ، قىزىل ئۆمۈچۈكنى يوقىتىدىغان دورىلارنى مەسىلەن: ساۋمەنجىڭ (扫螨净) نى پارنىكنىڭ تام، بۇلۇڭلىرى ۋە تۆت ئەتراپىغا ھەتتا پارنىك سىرتىدىكى قىرلارغىچە تەكشى پۈركۈپ، قىزىل ئۆمۈچۈكنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسىنى تارايتىش كېرەك.

2. پارنىك ئىچى ۋە سىرتىنى پاكىزە تازىلاپ، ئوت ـ چۆپ ۋە زىرائەت قالدۇقىنى قالدۇرماي يىغىشتۇرۇۋېتىش كېرەك.

3. مايسىنى تىكىشتىن بۇرۇن ياكى ئۇرۇقنى تېرىشتىن بۇرۇن ياخشى تەكشۈرۈپ، ھاشارات زىيىنىغا ئۇچرىغان مايسا ياكى ئۇرۇقنى شاللىۋېتىش كېرەك.

4. قىزىل ئۆمۈچۈك قاتارلىق ھاشارات ۋە كېسەللىكلەرنى دائىم تەكشۈرۈپ بالدۇر بايقاپ، بالدۇر ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش كېرەك. قىزىل ئۆمۈچۈك تېنى ناھايىتى كىچىك بولىدۇ. دەسلەپتە پەيدا بولغان ۋاقىتتا ئېتىز ئەتراپىدا ئۈنۈپ قالغان يۆگىمەچ ئوت قاتارلىق ئوت ـ چۆپلەردە پەيدا بولۇپ، ئاندىن قوغۇن ـ تاۋۇزغا تارقىلىدۇ. شۇڭا ئېتىز ئەتراپىدىكى ئوت ـ چۆپلەرنى ۋاقتىدا پاكىز تازىلاپ، پارنىكتىن يىراق يەرگە ئەپچىقىپ چوڭقۇر قومۇرۇۋېتىش ياكى كۆيدۈرۈۋېتىش كېرەك. بۇ خىل ھاشارات مەھەللىۋى ئوغۇت بىلەنمۇ پارنىكقا تارقىلىدۇ. شۇڭا مەھەللىۋى ئوغۇتنى تولۇق چىرىتىپ ئاندىن پارنىكقا ئىشلىتىش، ھەرگىزمۇ پارنىكتا دۆۋىلەپ چىرىتىپ ئاندىن ئوغۇتلاشقا ئىشلەتمەسلىك كېرەك. قىزىل ئۆمۈچۈك قوغۇن ـ تاۋۇزدا پەيدا بولۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە يوپۇرماقنىڭ رەڭگى سۇسلىشىپ، توپا باسقاندەك كۆرۈنىدۇ. يوپۇرماق كەينىدە ياش قۇرتلار پەيدا بولىدۇ. مۇشۇ چاغدا ئەتراپىنى تەكشۈرۈپ، يەككە توپتە پەيدا بولغاندا بالدۇر بايقاپ، بالدۇر ئالدىنى ئېلىپ يوقاتقاندا ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.

5. ۋاقتىدا بايقىماي قېلىپ، پۈتۈن قۇر بويىچە تارقىلىپ كەتكەندە كونترول قىلىشنى ئاساس قىلىش كېرەك. قىزىل ئۆمۈچۈك پارنىكتا شارائىت، نەملىك مۇۋاپىق بولسىلا پارتلاش خاراكتېرلىك كۆپىيىپ، 24 سائەتتىن 48 سائەتكىچە ئارىلىقتا پۈتۈن پارنىكقا تارىلىپ كېتىشى مۇمكىن. شۇڭا جىددىي كونترول قىلىپ، ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشنى كۈچەيتىش كېرەك.

6. كىچىك دائىرىدە يوقىتىش ئۇسۇلى: (1) 3 ـ 4 قېتىم ئۇدا سۇ پۈركۈپ پارنىك نەملىكىنى مۇۋاپىق ئاشۇرسا قىزىل ئۆمۈچۈكنىڭ پەيدا

بولۇشنى تېزگىنلىگىلى بولىدۇ؛ (2) ئوت ـ چۆپلەرنى يوقىتىش بىلەن بىرگە، يەككە توپتە قىزىل ئۆمۈچۈك پەيدا بولغان بولسا ۋاقتىدا يۇلۇۋې-تىش ياكى ئاۋايلاپ سۇ بىلەن يۇيۇپ ياكى يىمىرىپ يوقىتىش كېرەك؛ (3) باشقا كېسەللىك، زىيانداش هاشاراتلارنى ئۇنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشقا بىرلەشتۈرۈپ، ئىسسىقلىققا چىدامسىز دورىلار بىلەن ئىسلاپ يوقىتىش كېرەك؛ (4) دائىرىلىك پەيدا بولغاندا كانا يوقىتىدىغان دورىلارنى پۈركۈش كېرەك. دورىنى نۇقتىلىق توپنىڭ ئۈستىدىكى يۇمران يوپۇرماقلارنىڭ ئار-قىسى، يۇمران غول، گۈل ئورگىنى ۋە يۇمران مېۋىلەرگە پۈركۈش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن 10% لىك لىيۇياڭمېيسۇ (浏阳霉素) نىڭ 1000 ـ 3000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى ياكى 87% لىك پىروپارگىت (克螨特) سۇتسىمان مېيىنىڭ 1500 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى ھەر 20 ـ 25 كۈندە بىر قې-تىم پۈركۈش ياكى 15% لىك ساۋمەنجىڭ (扫螨净) سۇتسىمان مېيىنىڭ 2000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى ياكى 20% لىك ئاپولو (阿波罗) نىڭ 1500 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى ياكى 1.8% لىك ئەيفۇدىڭ (爱福丁) سۇت-سىمان مېيىنىڭ 1500 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى پۈركۈش كېرەك. دورا پۈركۈگەندە دورىنى ئايرىم قاچىدا سۇيۇقلاندۇرۇپ، ئاندىن دورا پۈركۈش ماشىنىسىغا قويۇپ تەڭشەش كېرەك. ئادەتتە ھەرمو يەرگە 60 كىلوگىرام دورا سۇيۇقلۇقى پۈركۈلىدۇ. دورىنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ ئىشلىتىپ، قىزىل ئۆمۈچۈكنىڭ دورىغا ماسلىشىشچانلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ئەگەر پۈتۈن پارنىك بويىچە ئېغىر پەيدا بولسا دورا پۈركۈپ، ئارتۇقچە چىقىم قى-لىشقا بولمايدۇ. چۈنكى دورا پۈركۈپ كونترول قىلغاندىكى تەننەرخى ئې-شىپ كېتىپ، مەھسۇلات ئالغان بىلەنمۇ سۈپىتى ناچار، باھاسى تۆۋەن بو-لۇپ قېلىپ، سېلىنما ئېشىپ، مەبلەغ قايتۇرۇلماسلىقتەك زىيان كېلىپ چىقىدۇ ھەم ئىناۋەتكە تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش كۆرسەتكۈچىنى پىششىق ئىگىلەش كېرەك. (03)

## نەشپۈت كىچىك مېغىز قۇرتىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ يوقىتىش ئۇسۇللىرى

**ھۆرنىسا ئەمەت**

(ئاقسۇ شەھەر ئايكۆل بازارلىق يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت پونكىتىدىن)

**1. كارانتىن خىزمىتىنى كۈچەيتىش:** ئالدىنى ئېلىشتا چىڭ تۇرۇپ، سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن ياكى سىرتقا يۆتكىلىدىغان كۆچەت، قەلەمچە ۋە مېۋىلەرنى قاتتىق كارانتىن قىلىش لازىم.

**2. دېھقانچىلىق ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش:** (1) باغ بىنا قىلىغاندا ھەر خىل مېۋىلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ تىكمەسلىك، بولۇپمۇ نەشپۈت، ئالما، شاپتۇل قاتارلىقلارنى ئارىلاش تىكمەسلىك كېرەك. ئارىلاش بىنا قىلىنغان باغلاردا ئالدى بىلەن ئەتىيازدا شاپتۇلنى ئاساس قىلىپ ئالدىنى ئېلىپ يوقىتىش، ئاندىن نەشپۈت، ئالمىنى نۇقتا قىلىپ مۇداپىئە كۆرۈش كېرەك؛ (2) شاپتۇل، نەشپۈتلەر ئەتىياز پەسلى بىخ سۈرۈپ چېچەكلەشتىن بۇرۇن كونا، قېرى قوۋزاقلارنى دەرەخنىڭ تۈۋىدىن بىرىنچى ئاساسىي شاخقىچە تولۇق قىرىش، بولۇپمۇ ئاچىماق شاخلىرىنى پاكىز قىرىش، قىرىپ چىقىرىۋەتكەن قوۋزاقلارنى بىر يەرگە يىغىپ كۆيدۈرۈۋېتىش لازىم. بۇ ئارقىلىق قىشلايدىغان لىچىنكىلارنى ۋە يوپۇرماق كانىسىنى زور دەرىجىدە ئازايتقىلى بولىدۇ؛ (3) تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ پەرۋىشىنى كۈچەيتىپ، يەرگە تۆكۈلگەن مېۋىلەرنى ۋاقتىدا بىر يەرگە يىغىپ كۆيدۈرۈۋېتىش كېرەك. (4) ئەتىياز پەسلى يەنى مېۋىلىك دەرخلەر بىخ سۈرۈپ چېچەكلەشتىن بۇرۇن ياكى كۈز پەسلى چاتاشقا بىرلەشتۈرۈپ، كېسەللەنگەن، ھاشارات چۈشكەن شاخلارنى كېسىپ، بىر يەرگە يىغىپ كۆيدۈرۈۋېتىش ئارقىلىق قاسراقلىق قۇرت ۋە چىرىش كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ؛ (5) 5 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىن باشلاپ شاپتۇللۇق باغلارنى تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، شاپتۇل نوتىلىرىنىڭ يۇمران نوتا ئۇچىدىكى يوپۇرماق سولىشىشقا باشلىغان، ئەمما نوتىلارنىڭ ئۇچى تېخى يەرگە ساڭگىلىمىغان چاغدا نوتا ئۇچىنى قايچا بىلەن كېسىپ بىر يەرگە يىغىپ كۆيدۈرۈۋېتىش ياكى كۆمۈۋېتىش كېرەك. بۇ ئارقىلىق لىچىنكىلارنىڭ كۆچۈپ زىيان سېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ؛ (6) باغ يېرىنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇش ئارقىلىق كېسەل تەگكەن، ھاشارات چۈشكەن مېۋە، ئوت ـ چۆپ قالدۇقلىرىنى يەر ئاستىغا چوڭقۇر كۆمۈ-

ۋېتىش ھەمدە تۇپراق ئاستىدا قىشلايدىغان زىيانداش ھاشاراتلارنى يەر يۈزىگە چىقىرىپ، تۆۋەن تېمپېراتۇرىدا توڭلىتىپ يوقىتىش كېرەك.

**3. سۇنئىي ئۇسۇلدا ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش:** (1) لىچىنكىلار ـ نىڭ يوشۇرۇنۇپ قورچاققا ئايلىنىش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، دەرەخ غو ـ لىنىڭ يەر يۈزىدىن 20 ـ 30 سانتىمېتىر قىسمىغا، بولۇپمۇ ئاچماقلارغا تاغار پارچىسى، ئوت ـ چۆپ، پاخاللارنى بەلباغسىمان يۆگەپ، ھەر 10 كۈن ـ دە بىر قېتىم تەكشۈرۈپ، يىغىۋېلىنغان لىچىنكىلارنى ئوت ـ چۆپ بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرۈۋېتىش، ئەمگەك كۈچىنى تېجەپ قېلىش ۋە ئۈنۈمگە كاپا ـ لەتلىك قىلىش ئۈچۈن دەرەخ غولىغا يۆگىلىدىغان بەلباغلارنى دورا سۈيۈق ـ لۇقى (15% لىك د د ۋ دىن 150 گىرام، بىر كىلوگىرام دىزېل مېيى (柴油)، 100 كىلوگىرام سۇ قوشۇپ تەييارلىنىدۇ) غا چىلاپ، دورا سۈيۈقلۇقىنى تولۇق سۈمۈرگەندىن كېيىن سۈزۈۋېلىپ، ئاندىن ئىككى قەۋەت قىلىپ دە ـ رەخ غولىغا ئوراش كېرەك. ئەگەر يۆگىلىدىغان نەرسىلەر دورىغا تولۇق چىلانمىسا ھەر 15 كۈندە تەييارلانغان دورىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئۈستىگە قويۇپ قويسىمۇ بولىدۇ. يۆگىلىدىغان بەلباغلار 5 ـ ئاينىڭ بېشىدىن باشلاپ يۆگىلىپ بولۇشى شەرت. (2) نەشپۈتنىڭ كىچىك مېغىز قۇرتى ۋە شاپتۇل نوتا قۇرتىنىڭ پەرۋانىسى قەنت، ئاچچىقسۇغا ئىنتىلىدىغان بول ـ غاچقا، بىر ئۈلۈش شېكەر، ئىككى ئۈلۈش ئاچچىقسۇ، 15 ئۈلۈش سۇنى ئا ـ رىلاشتۇرۇپ قايناتقاندىن كېيىن، قاچىغا قۇيۇپ دەرەخ شېخىغا يەر يۈزىدىن 1 ـ 1.30 مېتىر ئېگىزلىكتە ئېسىپ قويۇپ، ھەر 15 ـ 20 كۈندە بىر قې ـ تىم ئالماشتۇرۇش لازىم. بۇ ئارقىلىق يېتىلگەن ھاشاراتنى ئالداپ يوقاتقى ـ لى بولىدۇ؛ (3) نەشپۈتنىڭ كىچىك مېغىز قۇرتىنىڭ يېتىلگەن ھاشارىتى ـ نىڭ خىرە نۇرلۇق چىراغقا ئىنتىلىش ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ ئالداپ يوقاتسىمۇ بولىدۇ.

**4. بىيولوگىيەلىك ئۇسۇلدا ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش:** (1) نەشپۈتنىڭ كىچىك مېغىز قۇرتىنىڭ جىنسىي جەلپ قىلىش ھورمۇنى سۈنئىي ئۇسۇلدا بىرىكتۈرۈلۈپ ياسىلىپ چىقتى، بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق مېۋىگە قۇرت چۈشۈشتىن ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. بۇ ئۇسۇلنى قوللى ـ نىشتا ئاغزىنىڭ دىيامېتىرى 20 سانتىمېتىر كېلىدىغان قاچا ياكى كونى ـ سېرۋا قۇتىسى تەييارلىنىدۇ، ئىچىگە مۇۋاپىق مىقداردا سۇ قۇيۇپ، ئازراق سوپۇن پاراشوكى ئارىلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەر مو يەرگە ئۈچتىن

قاچىنى ئىككى مېتىر ئېگىزلىكتىكى ياغاچ تۆۋرۈككە ياكى كۆڭگەي تەرەپ-تىكى دەرەخ شېخىغا ئېسىپ، سۇ يۈزىدىن بىر سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە هورمۇننى مۇقىملاشتۇرۇپ قويسا، مېغىز قۇرتىنىڭ يېتىلگەن ئەركەك هاشارىتىنى ئالداپ يوقاتقىلى بولىدۇ. هەربىر قاچىغا ئىشلىتىدىغان جىنسى جەلپ قىلىش هورمۇنى 50 ـ 100 گىرامغىچە بولىدۇ، بۇ ئۇسۇل هاشارات ئەهۋالىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىشتە يۇقىرى ئۈنۈمگە ئىگە. بۇ ئۇسۇلنى 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرى 4 ـ ئاينىڭ بېشىدىن بۇرۇن ئىشلەش كې-رەك هەمدە هەر 10 كۈندە بىر قېتىم تەكشۈرۈپ، قاچا ئىچىگە چۈشكەن ئەركەك هاشاراتنى سۈزۈپ ئېلىۋېتىپ قايتا سۇ قۇيۇپ قويۇش، ئېسىل-غان هورمۇننى ئىككى ئايدا بىر قېتىم ئالماشتۇرۇش لازىم؛ (2) كۆ-شەندە هاشاراتلاردىن پايدىلىنىش: نەشپۈتنىڭ كىچىك مېغىز قۇرتىنىڭ كۆشەندە هاشاراتلىرى ناهايىتى كۆپ بولۇپ، ئاساسلىقى قىزىل كۆز هەرە، بۇ هاشارات مېغىز قۇرتىنىڭ تۇخۇمىنى يەپ پارازىتلىنىدۇ، تە-بىئىي پارازىتلىنىش نىسبىتى 50% ـ 60% گە يېتىدۇ، شۇڭا خىمى-يەلىك دورىلارنى قارىغۇلارچە ئىشلىتىپ كۆشەندە هاشاراتلارنى ئۆلتۈرۈپ قويۇشتىن ساقلىنىش لازىم.

**5. خىمىيەلىك ئۇسۇلدا ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش:** (1) مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ چېچەك بىخلىرى يوغانغان ئەمما گۈل ئېچىلمىغان مەزگىل ياكى پۈتۈنلەي چېچەكلەپ بولغان ۋاقىتتا بائۇمى بەش گىرادۇسلۇق هاك ـ گۈڭگۈرت بىرىكمىسى چېچىش لازىم. بۇ ئارقىلىق مېۋىلىك دەرەخلەردىكى كېسەللىك ۋە زىيانداش هاشاراتلارنى يوقاتقىلى بولىدۇ؛ (2) قىشتىن ئۆت-كەن ئەۋلادنىڭ كۆپلەپ يېتىشكەن هاشاراتكە ئايلىنىش مەزگىلى ۋە 1 ـ ئەۋلادنىڭ لىچىنكىسى كۆپلەپ چىقىشقا باشلىغان ۋاقىتتا 1 ـ قېتىم-لىق دورىنى چوقۇم چېچىش كېرەك. بۇ 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرى 4 ـ ئاينىڭ باشلىرىغا توغرا كېلىدۇ، بۇ ئارقىلىق يېڭى چىققان نوتا ۋە يۇمران مېۋىلەرنى قوغداپ قالغىلى بولىدۇ. 2 ـ قېتىملىق دورىنى 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 6 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە چېچىش كېرەك. 3 ـ قېتىملىق دورىنى پەقەت ئالما، نەشپۈتنى ئاساس قىلىپ، 7 ـ ئاي-نىڭ باشلىرىدا چېچىش كېرەك. 4 ـ قېتىملىق دورىنى 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرى-لىرىدا چاچسا بولىدۇ. (03)

# بېتون تاختاي ۋە دوغاپلىق تاش بىلەن ياسالغان ئۆستەڭلەردە يېرىقنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى

مۆمىن ياسىن
(شىنجاڭ تارىم دەريا ئېقىنى قەشقەر باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن)

تارىم دەرياسىنى ئۇنۇملۇك يۇرسال تىزگىنلەش تۈر قۇرۇلۇشى شىنجاڭدىكى مۇھىم سۇچىلىق قۇرۇلۇشلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ تۈر 2001 - يىلى گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن تەستىقلانغان، چوڭ تىپتىكى سۇچىلىق تۈر قۇرۇلۇشى ھېسابلىنىدۇ. ھازىرغىچە بولغان 10 نەچچە يىللىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشى جەريانىدا ئىدارىدە مۇشۇنداق تەرەققىيات پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئېقىن تەۋەلىكىمىزدىكى بىر قىسىم سۇچىلىق قۇرۇلۇشلىرىغا ئارقا - ئارقىدىن ئىش باشلىدى، بولۇپمۇ دەريا ئېقىنىمىزدىكى يەكەن دەرياسى شەرقىي قىرغاق سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈش غول ئۆستىڭى، يەكەن دەرياسى غەربىي قىرغاق سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈش غول ئۆستىڭى، يەكەن دەرياسى ئۇپا غول ئۆستىڭى، مەكىت سۇ باشلاش غول ئۆستىڭى، سوغۇچاق سۇ ئامبىرى، غەربىي ئامبار سىرتى ئۆستىڭى قاتارلىق بىر قىسىم غول ۋە تارماق ئۆستەڭلەرگە نىسبەتەن سىڭمەسلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى قىلىپ، ھازىر ئىشلىتىش باسقۇچىغا كىردى. لېكىن قۇرۇلۇش جەريانىدا، گەرچە ئۆستەڭلەردە لايىھەلەش ۋە ئىشلىتىش جەھەتتە سۈپەت ئۆتكىلى ناھايىتى چىڭ تۇتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن بىر قىسىم ئۆستەڭلەرنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى، قۇرۇلۇش شارائىتىنىڭ ناچارلىقى، سۈپەت باشقۇرۇشنىڭ يېتەرسىزلىكى تۈپەيلى، ئىشلىتىشكە كىرىشتۈرۈپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا قۇرۇلۇش سۈپىتىدە مەسىلە كۆرۈلۈشكە باشلىدى. بولۇپمۇ بىر قىسىم تاختاي (砼板) ۋە دوغاپلىق تاش (浆砌石) بىلەن سىڭمەسلەشتۈرۈلگەن ئۆستەڭلەردە يېرىلىش كۆرۈلدى. بۇ خىل ئەھۋال كۆرۈنۈشتە قۇرۇلۇشنىڭ ھازىرقى بىخەتەرلىكىگە ئانچە چوڭ تەسىر كۆرسەتمىسىمۇ، لېكىن ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىنمىسا قۇرۇلۇشنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى بىخەتەرلىكىنى مۆلچەرلەشتە ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. بۇنداق مەسىلىلەرگە يولۇققاندا، تۆۋەندىكىدەك يېرىقلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانسا بىرقەدەر ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

1. شەكىللەنگەن يېرىق: بىرقەدەر چوڭ بولغان ئادەتتىكى ئۆستەڭلەرگە

نىسبەتەن تولدۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللانسا مۇۋاپىق بولىدۇ. بۇنىڭ باسقۇچ-لىرى تۆۋەندىكىدەك: (1) يېرىق ئىچىدىكى لاي - لاتقا ۋە ئەخلەتلەر تازىلى-نىپ، يېرىقنىڭ پاكىز ۋە قۇرغاق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىنىدۇ؛ (2) يې-رىق تېمىغا ئاسپالىق سەنەركىنىڭ 3~1:10 نىسبىتىدىكى ئارىلاشمىسى سۈركىلىدۇ؛ (3) پىلاستىكلىق كوكۇس لېيى (焦油塑料胶泥) نى 110℃ قىچە قىزدۇرۇپ يېرىق ئىچىگە قۇيغاندىن كېيىن، چىڭدىلىپ لاي بىلەن يېرىق تاملىرىنىڭ تولۇق چاپلىشىغا كاپالەتلىك قىلىنىدۇ؛ (4) ئەگەر يېرىق چوڭقۇرراق بولۇپ يەنە بىر قەۋەت ئاسفالت قۇم لاي تولدۇرۇشقا توغرا كەلسە، ئاستى قىسمىدىكى پىلستىك كولىس لېيىنى سوۋۇتۇپ قاتقاندىن كېيىن، ئاسفالت قۇم لاي (沥青砂浆) 120℃ - 130℃ قىچە قىزدۇرۇپ يې-رىققا قۇيغاندىن كېيىن چىڭداپ داغمال بىلەن سىلىق سۇۋاش لازىم.

2. چوڭ تىپتىكى ئۆستەڭلەردە بىرقەدەر چوڭراق تىپتىكى يېرىقلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا تولدۇرۇش بىلەن چاپلاش ئۇسۇلىنى بىرلەشتۈرۈپ قوللىنىش بىر ئاز مۇۋاپىق، بۇ ئۇسۇلنىڭ ئالدىنقى ئۈچ باسقۇچ يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەن تولدۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش، لېكىن يېرىق تازىلىغاندا يېرىق ئىچىنىلا تازىلاپ قالماستىن يېرىقنىڭ يۈز قىسىم ئىككى تەرىپىمۇ پاكىزە تازىلىنىدۇ. 1 - باسقۇچتا يېرىق تىندۇرۇلۇپ 1 - 2 كۈن بولغاندا يېرىق يۈزىدىن ھەر ئىككى تەرەپكە بەش سانتىمېتىر كەڭلىكتە بىر قەۋەت ئېتىل خىلورىت سوۋالغۇ سۈرۈپ، يېرىق يۈزىدىن ھەر ئىككى تەرەپكە 3~4 سانتىمېتىر كەڭلىكتە قىلىپ بىر قەۋەت ئەينەك تالالىق رەخت چاپلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر قەۋەت سوۋالغۇ سۈرۈپ، ئىككىنچى قەۋەت ئەينەك تالالىق رەخت چاپلانغاندىن كېيىن، يەنە بىر قەۋەت سولۋال-غۇ سۈرۈلۈپ پۈتۈن جەريان تاماملىنىدۇ.

3. يېرىق بەك كىچىك بولسا سوۋالغۇ ئۈستىگە بىر قەۋەت ئەينەك تالالىق رەخت چاپلىسا بولىدۇ. قۇرۇلۇش داۋامىدا يۇقىرىقىدەك ئۇسۇللار ئارقىلىق سۇ تېجەش ئۈنۈمىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، بۇ جەرياندا سۇ تېجەپ يەكەن دەرياسىنىڭ كاچۈن گىدۇروگىيە سۇ كېسىك يۈزىدىن تارىم دەرياسىغا 330 مىليون كۇب مېتىر ئېكولوگىيە سۈيىنى قويۇپ بېرىش ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداش بىلەن بىرگە، ئۆز سۇغىرىش رايونىنىڭ سۇغىرىش شارائىتى ۋە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى زور دەرى-جىدە ياخشىلىدۇق. (05)

# ئۆي قۇشلىرىغا دورا ئىشلەتكەندە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

تۇرسۇنگۈل ھوسەن
(باي ناھىيە بۈلۈڭ يېزىلىق چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق پونكىتىدىن)

ئۆي قۇشلىرىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا بېقىپ، مۇۋاپىق دورا ئىشلەتكەندە چىقىمنى ئازايتىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئۆي قۇشلىرىغا دورا بەرگەندە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش كېرەك.

1 ئۆي قۇشلىرىنىڭ فىزىيولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن دورا ئىشلىتىش كېرەك. قۇش تۇرىدىكىلەر بىر نەرسە يېگەندە ئېغىزىدا تۇرغۇزۇش ۋاقتى بىرقەدەر قىسقا، تىلىنىڭ شىلىمشىق پەردىسىدە تەم سېزىش توپچىلىرى ئاز بولۇپ، قىرتاق تەملىك ھەزىمنى ياخشىلاش دورىلىرىنى بەرمەسلىك كېرەك. كۆپىنچە ئۆي قۇشلىرىنىڭ قۇسۇش ئادىتى بولمايدۇ، شۇڭا قۇستۇرۇش دورىلىرىنى بەرمەسلىك كېرەك. قۇشلارنىڭ ھاۋا خالتىسى بولىدۇ. ئۇ ئۆپكىنىڭ ھاۋا شورىشىغا ياردىمى بولىدۇ. شۇڭا تۇمانلىتىپ دورا بېرىلسە ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. سولفانىلامىد تۈرىدىكى دورىلارنىڭ ئۆي قۇشلىرى تېنىدىن تەن سىرتىغا چىقىرىلىشى تېز، ئۈنۈملۈك دورا قويۇقلۇقىنىڭ بەدەندە ساقلىنىش ۋاقتى چارۋىلارنىڭكىگە قارىغاندا قىسقا بولىدۇ، شۇڭا دورا ئىشلەتكەندە بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك.

2. ئۆي قۇشلىرى بەزى دورىلارغا نىسبەتەن ناھايىتى سەزگۈر بولۇپ، ئاسانلا زەھەرلىنىپ قالىدۇ. ئۆي قۇشلىرى دىپتېركىس (敌百虫) ۋە فۇرازولىدون (痢特灵) غا نىسبەتەن ناھايىتى سەزگۈر كېلىدۇ. مەسىلەن: غاز چۆجىلىرىگە ھەر كىلوگىرام تەن ئېغىرلىقى ھېسابىغا 150 مىللىلىتىردىن دىپتېركىس ئىچكۈزسە ئۆلۈش نىسبىتى 50% دىن ئېشىپ كېتىدۇ. مەلۇم توخۇ فېرمىسىدا فۇرازولىدوننى قالايمىقان ئىشلىتىش سەۋەبلىك، توخۇلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى 30%ـ 70% گە يەتكەن. ئۇنىڭدىن باشقا سولفانىلامىد تۈرىدىكى دورىلار ۋە ستروپتومىتسىن (链霉素) نىڭ توخۇغا بولغان زەھىرى كۈچلۈك. شۇڭا بۇ خىل دورىنى توخۇغا ئىشلەتكەندە دورا مىقدارىنى قاتتىق كونترول قىلىش ۋە ئۇزاق مۇددەت ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

3. ئۆي قۇشلىرىدا نەپەس يولى كېسەللىكى كۆرۈلسە ئانتىبىيوتىك دورىلار بىلەن موروكسىدىن (病毒灵) نى بىرلا ۋاقىتتا ئىشلەتسە داۋالاش

# بوغاز چارۋىلارغا دورا بەرگەندە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

قەلبىنۇر ئابدۇرېھىم
(يەكەن ناھىيە مىشا يېزىلىق چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق پونكىتىدىن)

بوغاز چارۋا ـماللارغا دورا بەرگەندە دورا بېرىش ۋاقتى، ئۇسۇلى، ئىشلىتىش مىقتارى مۇۋاپىق بولمىسا بالا تاشلاش، بالدۇر تۇغۇش، تۆرەلمە غەيرى تۇغۇلۇش ھەم تۆرەلمىنىڭ زەھەرلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا بوغاز چارۋا- ماللارغا دورا بەرگەندە تۆۋەندىكى ئىشلارغا دىققەت قىلىش كېرەك.

1. تۆرەلمىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر قىلىدىغان دورىلارنى بەرمەسلىك كېرەك. بولۇپمۇ ئانىلىق ھورمۇن تەركىبلىك دورىلارنى ئىشلەتمەسلىك لازىم. چۈنكى ئانىلىق ھورمۇنلار بوغاز چارۋىلارنىڭ تۇخۇمدان ۋە بالىياتقۇسىغا تەسىر كۆرسىتىپ ،تۆرەلمىنىڭ غەيرىي يېتىلىشى ياكى سېرىق تەنچىنى ئېرىتىۋېتىش سەۋەبىدىن بالا تاشلاشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

---

ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. چۈنكى قوشلارنىڭ نەپەس يولى كېسەلنى كۆپىنچە باكتېرىيە ۋە ۋىرۇس ئارىلاش كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

4. نېرۋىسىدا كېسەللىنىش ئالامىتى بولغان ئۆي قۇشلىرىغا ئانتىبىيوتىكلارنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

5. ستروپتومىتسىننى كېسەللەنگەن ئۆي قۇشلىرىنىڭ مۇسكۇلىغا ئوكۇل قىلىشقا بولمايدۇ، بولمىسا شوك بولۇشنى ۋە نەپەس يېتىشمەي ئۆلۈپ كېتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

6. چۈجىلەرگە ۋە تۇخۇم تۇغۇۋاتقان مېكىيانلارغا خلورومىتسىن (氯霉素) نى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى چۆجىلەرنىڭ جىگەر ئىقتىدارى تولۇق يېتىلىپ بولالمىغاچقا، خلورومىتسىننى زەھەرسىزلەندۈرەلمەيدۇ. خلورومىتسىننى چۈجىگە بەرگەندىن كېيىن قاندىكى ئەركىن ئىيونلارنىڭ سانى ئېشىپ، مىكرو ئايلىنىش توسقۇنلۇققا ئۇچراش سەۋەبىدىن زەھەرلىنىپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. تۇخۇم تۇغۇۋاتقان مېكىيانلارغا خلورومىتسىن بەرگەندە، خلورومىتسىن ئاسانلا تۇخۇم ھۈجەيرىلىرىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىپ، تۇخۇم تۇغۇش مىقدارى ئازىيىپ كېتىدۇ. (02)

2. بالىياتقۇغا بىۋاستە تەسىر قىلىدىغان پىتوتسىن (催产素)، ئەرگو مېتىرىن قاتارلىق دورىلارنى ئىشلەتمەسلىك كېرەك. چۈنكى بۇ خىلدىكى دورىلار بوغازلىقنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە تۇغۇتنى تېزلىتىش ۋە تۇغقاندىن كېيىن تۆرەلمە ھەمرىيىنىڭ چۈشۈشىنى تېزلىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

3. بالىياتقۇغا ۋاستىلىك تەسىر قىلىدىغان دورىلاردىن ماگنىي سۇلفات، ناترىي سۇلفات قاتارلىق سۈرگە دورىلىرىنى بەرمەسلىك كېرەك. بۇ خىلدىكى دورا بوغاز چارۋىلاردا قەۋزىيەت كۆرۈلگەندە ئىشلىتىلىدۇ. سۈرگە دورىلىرى بىرىلسە خمىيىلىك غىدىقلاشنى ھاسىل قىلىپ، بالىياتقۇغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا مايلىق سۈرگە دورىلىرىنى ئىشلىتىش كېرەك.

4. بوغاز چارۋىلارغا ھەرخىل يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەخسىتىدە ۋاكسىنا سالغاندا چوقۇم ۋاكسىنىنىڭ ئىشلىتىش ئۇسۇلى، ئۆلچىمى ۋە مىقدارىغا دىققەت قىلىپ، ۋاكسىنا ئۇرۇش ۋاقتىنى ھەم پەسلىنى ياخشى ئىگىلەش كېرەك. مەسىلەن: بىروتىسىپللىيوز (يۇقۇملۇق بالا تاشلاش كېسەللىكى) ۋاكسىنىسىنى قىسىر چارۋىلارغا ئۇرۇش كېرەك.

5. بوغاز چارۋىلارنى ۋانىنا قىلغاندا چوقۇم ۋانىنا دورىسىنىڭ قويۇقلىقىغا دىققەت قىلىش ھەمدە ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى پۇختا ئىگىلەپ، ۋانىنا دورىسىنىڭ بوغاز چارۋىلارنىڭ ئېغىز ۋە قۇلاقلىرىغا كىرىپ كېتىش سەۋەبىدىن زەھەرلىنىش ۋە بالا تاشلىنىشىدىن ئېھتىيات قىلىش كېرەك.

6. بوغاز چارۋىلارغا يەم ـ خەشەكتىكى تۇقلۇق ماددىلارنىڭ يېتىشمەسلىكىدىن كېسەللىك كۆرۈلۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدە يەم ـ خەشەككە تولۇقلىما قوشۇپ بەرگەندە، ئىشلىتىش ئۇسۇلى ۋە مىقدارىنى ئۆلچەم بويىچە قىلىش كېرەك. چۈنكى بېرىش مىقدارى ئاز بولغاندا ۋىتامىن ۋە مىكرو مىقدارلىق ئېلېمېنتلار يېتىشمەسلىكتىن كېسەللىك پەيدا بولىدۇ. بېرىش مىقدارى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتسە مىكرو ئېلېمېنتلاردىن زەھەرلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

7. بوغاز چارۋىلارنىڭ زىيادە روھلىنىش كېسەللىكىگە قارىتا كالىي بىروم، ماگنىي بىروم قاتارلىق دورا ياسالمىلىرىنى تىنچلاندۇرۇشقا ئىشلەتكەندە تەركىبىدە تۇز مىقدارى كۆپ بولغان يەم ـ بوغۇز ۋە ئاش تۇزىنى

# موزايلاردىكى ئۆپكە ياللۇغىنى داۋالاش ئۇسۇلى

ئابلىكىم ئابدۇكېرىم
(يەكەن ناھىيە ئازاتباغ يېزىلىق چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق پونكىتىدىن)

موزايلاردىكى ئۆپكە ياللۇغى نەپەسلىنىش يولى كېسەللىكى بولۇپ، بۇ كېسەللىك كۆپىنچە يەرلىك موزايلارغا قارىغاندا شالغۇت موزايلاردا كۆپ كۆرۈلىدۇ، كېسەللىكنىڭ يوشۇرۇن دەۋرى 3 ـ 10 كۈن ئەتراپىدا بولۇپ، كۆپىنچە قىش ۋە ئەتىيازدا تۇغۇلغان موزايلاردا كۆرۈلۈپ، يېڭى تۇغۇلغان موزايلاردا ئۆتكۈر تىپلىق كۆرۈلىدۇ. 1 ـ 3 ئايلىق بولغان موزايلاردا يېرىم ئۆتكۈر تىپلىق كۆرۈلىدۇ، 3 ـ 6 ئايلىق بولغان موزايلاردا سوزۇلما خاراكتېرلىك كۆرۈلىدۇ. ئەگەر ۋاقتىدا داۋالاشقا ئەھمىيەت بەرمىگەندە موزايلارنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**1. كېسەللىك سەۋەبچىسى:** موزايلاردىكى ئۆپكە ياللۇغىنى ئاساسلىقى ۋىرۇس قوزغىتىدۇ، سوزۇلما خاراكتېرلىك ئۆپكە ياللۇغىنى ئاساسلىقى باكتېرىيە (يەنى زەنجىرسىمان شارچە باكتېرىيە، توم تاياقچىسىمان باكتېرىيە قاتارلىقلار) قوزغىتىدىغان بولۇپ، بۇ قورۇ ـ قوتانلارنىڭ ھاۋا ئالمىشىشىنىڭ ياخشى بولماسلىقى، قوتان تېمپېراتۇرىسىنىڭ تۆۋەن بولۇشى

---

بەرمەسلىك لازىم. چۈنكى تۇز تىنچلاندۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان بىرۇملۇق دورا ياسالمىلىرىنىڭ تەندىن ئاجرىلىپ چىقىپ كېتىشىنى تېزلىتىپ، داۋالاش ئۈنۈمىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. شۇڭا بوغاز چارۋىلارغا ئاش تۇزىنى ئاز بېرىش ياكى ئىشلەتمەسلىك كېرەك.

8. بوغاز چارۋىنىڭ قېرىن ۋە ئۈچەي يىپچە قۇرتلىرىغا ھەم تېرە ۋە بۇرۇن ئوقىرا (قۇرت) كېسىلىگە دىپتېرىكس (敌百虫) ئىشلەتكەندە ئىشقارلىق دورىلارنى قوشۇپ ئىشلەتمەسلىك كېرەك. چۈنكى بوغاز چارۋىنىڭ دىپتېرىكسقا سېزىمچانلىقى كۈچلۈك بولغانلىقتىن، دىپتېرىكسقا ئىشقارلىق دورىلارنى قوشۇپ ئىشلەتكەندە، دىپتېرىكسنىڭ زەھەرلەش كۈچىنى ئاشۇرۇۋېتىپ، ئاسانلا زەھەرلىنىش ئارقىلىق بالا تاشلاشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. (02)

ياكى قوتان نەم ۋە قاراڭغۇ بولۇش، شۇنىڭدەك موزايلارنىڭ ئانا سۈتى سۈ-يىتىنىڭ ناچار بولۇشى، موزايلارغا ئۇزۇقلۇق يېتىشمەسلىك قاتارلىقلار بۇ كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەر ھېسابلىنىدۇ.

**2. كېسەللىك ئالامىتى:** موزايلار ئۆتكۈر خاراكتېرلىك يۇقۇملانغاندا تەن تېمپېراتۇرىسى 14℃ تىن ئېشىپ كېتىدۇ، بۇرۇن ئەينىكى قۇرغاق-لىشىپ، نەپەسلىنىشى تېزلىشىدۇ. بوينىنى سوزۇپ، ئېغىزنى ئېچىپ نە-پەسلىنىدۇ، روھىي ھالىتى ناچارلايدۇ، كۆپىنچە بۇرنىدىن يىرىڭلىق ماڭقا ئاقىدۇ. تىڭشاپ تەكشۈرگەندە ئۆپكىدىن يىرىك خىرىلداش ئاۋازى ئاڭلىنىد-دۇ، كۆكرەك دىۋارىدا سۈركەلگەندەك ئاۋاز بولۇپ، كېيىنچە كانايچە نەپەس ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئېچى سۈرۈپ سۇسىزلىنىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. كېسەللىك ئاخىرقى باسقۇچقا بارغاندا داۋالاشقا سەل قارالسا موزايلارنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**3. داۋالاش:** (1) ياللۇغ قايتۇرۇش ئۈچۈن پروكايىنلىق بېنزىل پېنىت-سىللىن (普鲁卡因油剂青霉素) دىن ھەر كىلوگرام تەن ئېغىرلىقىغا 10 ـ 20 مىڭ بىرلىكتىن ھېسابلاپ، كۈنىگە بىر قېتىمدىن ئۇدا 3 ـ 5 كۈن مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلسا بولىدۇ؛ (2) يۈرەكنى كۈچەيتىپ، كېسەل-لىككە قارشى تۇرۇش كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، 5% لىك گلۇكوزىلىق ناترىي خلور ئېرىتمىسى (葡萄糖生理盐水) دىن 500 مىللىلىتىرغا ۋىتامىن C دىن 5 ـ 10 مىللىلىتىر، كوففېئىن ناترىي بېنزوئات (安钠咖) تىن 1 ـ 2 مىللىلىتىر قوشۇپ، كۈندە بىر قېتىمدىن كېسەللىك ئەھۋالى-غا ئاساسەن ۋېناغا ئوكۇل قىلىنىدۇ؛ (3) سۇسىزلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن 5% لىك ناترىي بىكاربونات ئوكۇل سۇيۇقلۇقى (碳酸氢钠注射液) دىن 250 مىللىلىتىرغا ۋىتامىن $B_1$ دىن 1 ـ 2 مىللىلىتىر قوشۇپ ۋېناغا كۈندە بىر قېتىمدىن ئوكۇل قىلىنىدۇ؛ (4) ۋىرۇسقا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن موروكسېد (病毒灵) تىن كۈندە ئىككى قېتىمدىن ئۇدا 5 ـ 7 كۈنگىچە مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلغاندا ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. (02)

# نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەرەققىياتىغا كۆرسىتىدىغان پايدىلىق تەرەپلىرى

نۇرنىسا
(بورتالا شەھىرى چىندىل يېزىلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش پونكىتىدىن)

دۆلەتنىڭ «يېزا - ئىگىلىكى، دېھقانلار ۋە يېزا مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈش، يۆلەش سىياسىتىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىكىدىكى رولى ۋە ئورنى بارغانسېرى كېڭەيتمەكتە. بۇ ئاساسەن نۆۋەتتىكى بىرقانچە جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

1. ياخشى مۇھىت يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىغا يېڭى تەرەققىيات پۇرسىتى ئېلىپ كەلدى. مەركەزنىڭ يېزا ئىگىلىك سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمى ئېشىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى سېتىۋېلىش قىزغىنلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

2. دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى قۇرۇلمىسىنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدىكى سىياسىتى يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەرتىپكە سېلىشنىڭ ئاساسىي مەقسەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ مەقسىتى ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت. ئوبلاستىمىزدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي كۆلىمىنىڭ كىچىك، ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ تۆۋەن بولۇشى، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەن بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاساسىي ئامىلغا ئايلاندى. كۆلەملەشكەن، توپلاشقان يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىشقا ئېشىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بازىرىنىڭ يەنىمۇ كېڭىيىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

3. يېزا ئىگىلىكىدىكى سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىغا يېڭى سورۇن ھازىرلاپ بەردى. ماشىنىلاشقان تېرىقچىلىق، سۇ تېجەش تېپىدىكى سۇغۇرۇش تېخنىكىسى قاتارلىقلارنىڭ يولغا قويۇلۇشى مۇھىت بايلىقىنى قوغداشتا ئۈنۈملۈك رول ئويناپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتتى. (02)

# كەلگۈسىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سېتىۋېلىش تولۇقلىمىسىدىن بەھرىمان بولالامدۇ؟

ئايشەمگۈل رۇيدۇل

(تۇرپان شەھىرى سىڭگىم يېزىلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتىدىن)

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سېتىۋېلىشقا تولۇقلىما بېرىش — مەركەزنىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق ھۆججىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ئىككىنى كەچۈرۈم قىلىش، ئۈچكە تولۇقلىما بېرىش» سىياسىتى بولۇپ، يېزىلارغا، يېزا ئىگىلىكىگە ۋە دېھقانلارغا ئېتىبار بېرىشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك سىياسەتلەرنىڭ بىرى. بۇ دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىك ئۈنۈمىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ۋە يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تەرەققىيات قەدىمىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم تەدبىر ھېسابلىنىدۇ.

تولۇقلىما ئېلىشقا ئىلتىماس قىلغان دېھقانلارنىڭ سانى پىلان كۆرسەتكۈچتىن ئېشىپ كەتكەندە، ئادىل، باراۋەر بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىقى، مالىيە مىنىستىرلىقى بەلگىلىگەن تولۇقلىما بېرىش ئوبيېكتلىرىنى ئالدىن تاللاش بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى چوڭ ئائىلىلىرى، ئاشلىق تېرىغۇچى چوڭ ئائىلىلەر، سۈت مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسىغا پاي قوشۇپ تىجارەت قىلىدىغان، يېڭى، خام سۈتلەرنى يىغىپ سېتىۋېلىش پونكىتلىرى، سۈتچى دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى، سۈت چارۋىلىرىنى بېقىش ئورۇنلىرىنىڭ يېڭى خام سۈتلەرنى يىغىپ سېتىۋېلىش پونكىتلىرى، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىقىنىڭ پەن - تېخنىكىنى ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىدىكى پەن - تېخنىكا ئۈلگىلىك ئائىلىلىرى، تىنچ - ئامان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئۈلگىلىك ئائىلىلىرى قاتارلىقلارغا ئالدىن تولۇقلىما بېرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىراك قىلىپ يېغىلىنىدىغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، ئاساسلىق تىراكتور بىلەن چاتما سايمانلارنى قوشۇپ سېتىۋالىدىغان دېھقانلارغا ئالدىن تولۇقلىما بېرىلىدۇ. ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ شارائىتى ئوخشاش ياكى

# يەر ھۆددىگەرلىك ماجىرالىرى كۆپ بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرى ۋە ھەل قىلىش ئۇسۇللىرى

قاسىم توختى   قۇدرەت روزى
(توقسۇن ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن)

رايونىمىزدىكى يەر ھۆددىگەرلىك ماجىرالىرىنىڭ كۆپ بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرىنى تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

1. يېزىلاردىكى دېھقانلارنىڭ يەرلەرنى ھۆددىگە بېرىش ۋە ھۆددىگە ئېلىش جەھەتتىكى تونۇشى بىردەك ئەمەس، بولۇپمۇ يېزا باج - ھەق ئىسلاھاتىدىن كېيىن يەرلەرنىڭ ھۆددە ھەققى (ھەر خىل سېلىقلار) بىكار قىلىنغانلىقتىن، دېھقانلاردا ھۆددە بېرىلگەن يەرلەرنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلات ئەزالىرىغا (شەخسلەرگە) تەۋە بولۇپ كەتكەندەك كەيپىيات شەكىللىنىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن دېھقانلار يەرلەرنى باشقۇرۇش، ئايلاندۇرۇش ئىشلىرىدا ھۆددىگە بەرگۈچى شۇنداقلا مەمۇرىي باشقۇرغۇچى فۇنكسىيەلىك تارماقلار بىلەن كارى بولماي ئۆز مەيلىچە ئىش كۆرىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلدى. دېھقانلارنىڭ ھۆددە يەرلىرىنى ئايلاندۇرۇش ھوقۇقى قانۇن جەھەتتىن قوغدالسىمۇ، نەتىجىدە دېھقانلار ھۆددە يەرلىرىنى ئۆز ئالدىغا ئايلاندۇرۇش ئېلىپ بارغاچقا، ئايلاندۇرۇلغان يەرگە قارىتا تۈزگەن توختام ئاغزاكى توختام بولۇپ قېلىش، يازما توختام بولماسلىق،

---

ئوبيېكتىنى بېكىتىشكە بولمىسا چەك تارتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ بېكىتىش كېرەك. شۇڭا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بازارلىرىنى نازارەت قىلغۇچى خادىملار بۇرچ تۇيغۇسىنى ئۆستۈرۈپ، كەڭ دېھقانلار ئاممىسىنىڭ جانجان مەنپەئەتىنى كۆزلەپ ھەم ئۇلارنى ھەقىقىي نەپكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن، قانۇن - سىياسەتلەرنى ئادىل، سادىقلىق بىلەن جانلىق ئىجرا قىلىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بازىرىدىكى قانۇنسىز قىلمىشلارغا قاتتىق زەربە بېرىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بازىرىنى قېلىپلاشتۇرۇپ ۋە تەرتىپكە سېلىپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، كەڭ دېھقانلار ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىنى ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە قىلىش لازىم. (02)

توختامغا كۆز بوياماچىلىق قىلىش، ئالداش قىلمىشلىرى بىلەن ئاشكارىلىنىپ قېلىش، ئىككى تەرەپنىڭ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلىرى ئېنىق بولماسلىقتەك ئەھۋاللار مەۋجۇت. بۇنىڭدا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى باھاسىنىڭ ئۆسۈشى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات، شەھەرلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشى سەۋەبلىك تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئىگىلەپ ئىشلىتىلىشى سەۋەبلىك يەر ئايرىش، بېرىشنى بىر قارار قىلىپ مەبلەغ توپلاش، ئەمگەك چىقىرىش قاتارلىق مەسىلىلەر توختامدا ئېنىق بولمىغاچقا، بىر تەرەپ ئۆز ئالدىغا توختامنى بىكار قىلىدىغان ۋە ياكى توختامنى ئىجرا قىلغىلى بولمايدىغان خاراكتېرىدىكى يەر ماجىرالىرى ساقلانماقتا.

2. ھۆددىگە بەرگۈچى، شۇنداقلا مەمۇرىي باشقۇرغۇچى فۇنكتسىيەلىك تارماقلارنىڭ كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقىدىكى يەرلەرگە بولغان باشقۇرۇشى ئۆلچەملىك بولماسلىق، بولۇپمۇ دېھقانلار يەرلەرنى باشقۇرۇش، ئايلاندۇرۇش ئىشلىرىغا سەل قاراش، ئېچىش خاراكتېرىدىكى يەرلەرگە نىسبەتەن تەرتىپ بويىچە ئىش بېجىرمەسلىك، كونكرېت توختام بولماسلىق، كوللېكتىپ زاپاس يەرلەرنى ھۆددىگە بېرىش قانۇن بويىچە بولماسلىق، ئىگىلىۋېلىش قىلمىشلىرىغا نىسبەتەن سۈكۈت قىلىش، ۋاقتىدا ھەل قىلىش توغرىسىدا تەدبىر قوللانماسلىق، ئارخىپ ماتېرىياللارنى ساقلاش، باشقۇرۇش خىزمىتى مۇكەممەل بولماسلىق ئەھۋاللىرى مەۋجۇت.

بۇنىڭدا كوللېكتىپ ئارخىپ دەپتىرى زاپاس يەرلىرىنىڭ ئىگىلىنىپ كېتىشى، كوللېكتىپ كىرىمىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى سەۋەبلىك دېھقانلارنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرغۇچىلارغا قارىتا نارازىلىق كەيپىياتى شەكىللىنىپ، كوللېكتىپ زاپاس يەرلەرنىڭ ھۆددە پۇلىنى يىغقىلى بولماسلىق، ھەتتا كوللېكتىپ زاپاس يەرلەرنى تالىشىش ماجىرالىرى كۆرۈلمەۋاتىدۇ.

3. يەرلەرنى ئىگىلىۋېلىش، تېرىلغۇ يەرلەرنى غەيرىي يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىش قىلمىشلىرىغا نىسبەتەن قانۇن ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرماسلىق، بىرىنچى قېتىملىق بىلەن ئىككىنچى قېتىملىق ھۆددە يەرلەرنىڭ

چەك ـ چېگراسى، شۇنداقلا مۇناسىۋەتنى ئايدىڭ بولماسلىق سەۋەبلىك كۆ ـ رۈلىۋاتقان يەر ھۆددىگەرلىك ماجىرالىرى ساقلىنىۋاتىدۇ. ئائىلە باشلىـ قىنىڭ ھۆددە يەرلىرىنى ئۆز ئالدىغا ئايلاندۇرۇشى، ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ يەرلىرىنى ئايرىش، شەھەر ـ يېزا ئىككى جايدا نوپۇسى بارلارغا قىلىـ نىدىغان مۇئامىلە، ئۆزۈن مۇددەت يەر ھۆددىگەرلىك ھوقۇقىنى يوقات ـ قان، يېزا نوپۇسى بولىسمۇ، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نوپۇسى باشقا جايغا ئالمىشىپ كېتىپ يەر ھۆددىگەرلىك ھوقۇقىنى ئۆزگەرتەلمەيۋاتـ قانلار، مۇناسىۋەتلىك ئىسپات ماتېرىياللارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش تەس بولغان مەسىلەلەر كۆرۈلىۋاتىدۇ.

4. يەر ھۆددىگەرلىكنى باشقۇرىدىغان مەخسۇس خادىملار كەم بولۇش، خا ـ دىملارنىڭ سەۋىيەسى چەكلىك بولۇش، تەربىيەلىنىشى يېتەرلىك بولماسلىق، پايدىلىنىدىغان قانۇن ـ نىزام، ماتېرىياللار كەم بولۇش سەۋەبلىك تەشۋىقات، تەربىيەلەش، مەسلىھەت بېرىش جەھەتلەردە يېتەرسىزلىك كۆرۈلىۋاتىدۇ.

5. يەر ماجىرالىرىنى ھەل قىلىش ۋە ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇللىرى: (1) رەھبەرلىك ئەھمىيەت بېرىپ، يەر ھۆددىگەرلىكنى باشقۇرىدىغان مەخسۇس خادىملارنى تەربىيەلەشنى كۈچەيتىش لازىم. (2) تۈرلۈك پايدىلانغىلى بولىـ دىغانلىكى تەشۋىقات ئەسلىھەلىرىدىن ۋە مۇۋاپىق كېلىدىغان سورۇنلاردىن پايدىلىنىپ تەشۋىقاتنى كۈچەيتىش كېرەك؛ (3) قانۇننىڭ رولىدىن ئۈنۈمـ لۈك پايدىلىنىش، يېڭىدىن بايقالغان مەسىلەلەرنى ۋاقتىدا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا يوللاپ، قانۇن ماددىلىرىغا كىرگۈزۈش ئارقىلىق بىر تەرەپ قىـ لىش كېرەك؛ (4) ئاممىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىش ۋە كۈچەيتىش، ئامـ مىغا تايىنىش، مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتۈرۈش، مۇكاپات ـ جازانى تەڭ يولغا قويۇش كېرەك؛ (5) ئارخىپ ماتېرىياللارنى ساقلاشنى قېلىپلاشتۇرۇش، بىرىنچى قېتىملىق يەر ھۆددىگەرلىك ئارخىپى بىلەن ئىككىنچى قېتىملىق يەر ھۆددىگەرلىك ئارخىپى قاتارلىقلارنى ئارخىپتا ساقلاش ۋە مۇكەممەلـ لەشتۈرۈش كېرەك. (05)

# ئىناق جەمئىيەت ۋە يېزا مائارىپى

ئابلىز ئىبراھىم دولان
(مەكىت ناھىيە غازكۆل يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم ۋە قىيىن نۇقتىلىرىنىڭ بىرى يېزىلار. بولۇپمۇ يېزا ئاساسىي مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ تۆۋەن ۋە تەكشىسىز بولۇشى ھەمدە ئۇنىڭدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بىر قاتار مەسىلىلەر يېزىلاردا ئىناق جەمئىيەت ۋە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىكى قىيىن نۇقتا ھېسابلىنىدۇ. ئۇنداقتا نۆۋەتتە يېزا قىشلاق مائارىپىدىكى قايسى مەسىلىلەر يېزىلاردا ئىناق جەمئىيەت ۋە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ؟

1. يېزا - كەنت مەكتەپلىرىدە ھېلىھەممۇ ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپتىن چېكىنىش مەسىلىسى مەۋجۇت. بولۇپمۇ نامرات، شارائىتى ناچار رايونلاردىكى يېزا - قىشلاق تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشتىن چېكىنىش نىسبىتى بىرقەدەر گەۋدىلىك ھەمدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە ئۆرلەپ ئوقۇش نىسبىتى تولىمۇ تۆۋەن. بۇ خىل ئەھۋاللار يېزىلارنىڭ پەن - تېخنىكا ئارقىلىق بېيىش قەدىمىنى تېزلىتىشكە زور تەسىر كۆرسەتمەكتە.

2. يېزا ئاساسىي مائارىپىدا ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ ساپاسى تۆۋەن، ساپا مائارىپى ۋە قوش تىل مائارىپى تەرەققىيات سەۋىيەسى تەكشىسىز. بۇ خىل ئەھۋاللار يېزا مائارىپ سۈپىتىنىڭ تۆۋەن بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، يېزىلارنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسى ۋە پەن - مەدەنىيەت، تېخنىكا ئارقىلىق يېزا ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سۈرئىتىنى ئاستىلىتىۋەتمەكتە.

3. يېزا كەسپىي مائارىپىنىڭ تەرەققىيات قەدىمى تولىمۇ ئاستا، باشقۇرۇش ئۇسۇلى نىسبەتەن قالاق، يېزىلارنىڭ ئېھتىياج ئەمەلىيىتىدىن چەتنەپ كېتىش خاھىشى مەۋجۇت. بۇ خىل ئەھۋاللار يېزا ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىسىز.

قىسقىسى يېزا مائارىپىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان يۇقىرىقىدەك مەسىلىلەر ياخشى ھەل قىلىنمىسا، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ۋە يېزا ئىقتىسادىي تەرەققىيات قەدىمىنىڭ ئۇدا، ئىزچىل، ماس ھالدا تەرەققىي قىلىشى تەسكە توختايدۇ.

ئۇنداقتا بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا: ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى يېزا مائارىپىنى قوللاش ۋە راۋاجلاندۇرۇش بويىچە مۇۋاپىق سىياسەت، تەدبىر بەلگىلەپ، مائارىپ خىراجىتى ۋە سېلىنمىنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. شۇنىڭدەك ئوقۇتقۇچىلارنى كۆپ تەرەپلىمە تەربىيەلەشنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، تەلىم - تەربىيە ئىسلاھاتى ۋە قوش تىل مائارىپى ئىسلاھاتى قەدىمىنى تېخىمۇ تېزلىتىش ھەمدە يېزا كەسپىي تېخنىكا مائارىپىنىڭ كەسپىلىشىش، قېلىپلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، خىراجەت ۋە سېلىنمىنى ئاشۇرۇش بىلەن بىرگە، ئۇنۇملۈك، جانلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش مېخانىزمىنى تېزدىن بەرپا قىلىش كېرەك. (05)

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى

**1 - ماددا** بۇ قانۇن ئاياللارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ئەر - ئاياللار باراۋەرلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئاياللارنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش مەقسىتىدە، ئاساسىي قانۇن ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن چىقىرىلدى.

**2 - ماددا** ئاياللار سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي ۋە ئائىلىۋى تۇرمۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئەرلەر بىلەن باراۋەر ھوقۇققا ئىگە. ئەر - ئاياللار باراۋەرلىكى دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ سىياسىتى. دۆلەت زۆرۈر تەدبىر قوللىنىپ، ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈشكە دائىر تۈزۈملەرنى پەيدىنپەي مۇكەممەللەشتۈرىدۇ، ئاياللارنى ھەر قانداق شەكىلدە كەمسىتىشنى تۈگىتىدۇ. دۆلەت ئاياللارنىڭ قانۇن بويىچە بەھرىمەن بولىدىغان ئالاھىدە ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ. ئاياللارنى كەمسىتىش، خارلاش، تاشلىۋېتىش ۋە ناكار قىلىش مەنئى قىلىنىدۇ.

**3 - ماددا** گوۋۇيۈەن جۇڭگو ئاياللىرى تەرەققىيات پىروگراممىسى تۈزىدۇ ھەمدە ئۇنى خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات يىرىك پىلانىغا كىرگۈزىدۇ. ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى جۇڭگو ئاياللىرى تەرەققىيات پروگراممىسىغا ئاساسەن، ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ ئاياللار تەرەققىيات يىرىك پىلانىنى تۈزىدۇ ھەمدە ئۇنى خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىغا كىرگۈزىدۇ.

**4 - ماددا** ئاياللارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى. دۆلەت ئورگانلىرى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، شەھەر، يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام ئاممىۋى ئاپتونوم تەشكىلاتلار مۇشۇ قانۇن ۋە ئىزۇشىگە زۆرۈر شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ. (داۋامى ئالاقىدار قانۇنلاردىكى بەلگىلىمە بويىچە، ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈشى كېرەك. دۆلەت ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئاياللارنىڭ ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىگە زۆرۈر شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ. (05) (كېيىنكى ساندا)

# ئاپتورلار سەھىپىسى

«يېزا پەن - تېخنىكىسى» ژۇرنىلى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئاشكارا تارقىتىلىۋاتقان، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى ئۆلكە دەرىجىلىك ئۇنىۋېرسال ئايلىق ژۇرنال. ئالدى بىلەن ژۇرنىلىمىزنى ئىزچىل قوللىغان ھەر ساھەدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ، سۆيەتلىك ماقالە بىلەن تەمىنلەۋاتقان قېرىنداشلارنىڭ يېڭى يىلنى تەبرىكلەش بىلەن بىرگە تېنىڭلارنىڭ ساغلام، ئىشلىرىڭلارنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمىز. شۇنداقلا بۇنىڭدىن كېيىن ژۇرنىلىمىزغا مۇشتەرى بولۇش، ماقالە يېزىش ۋە ماقالە ئەۋەتىشتە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

1. ئاپتورلار ماقالىنى سۆز - جۈملىلىرى ئېنىق، ئىملاسىنى توغرا قىلىپ، كومپيۇتېردا (ئەلكاتىپ خەت سىستېمىسىدا) ئۇرۇپ، ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقىمىزغا يوللاڭ. تەھرىر بۆلۈمىمىزنىڭ ئېلخەت ئادرېسى: 2569823386@qq.com؛ QQ نومۇرى: 2569823386.

2. ماقالە ماۋزۇسىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىنى، ئىسىم - فامىلىڭىزنى كىملىكتىكى بويىچە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچىسىنى يېزىپ ئەۋەتىڭ.

3. ماقالىدىكى ھەرقانداق ئاتالغۇ، دورا ۋە سورتلارنىڭ نامىنى ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە ئۆلچەملىك يېزىپ ئەۋەتىڭ.

4. ماقالىدىكى سان - سىفىرلارنىڭ ئېنىق، توغرا، ئىشەنچلىك بولۇشى ئۈچۈن، ماقالىڭىزنى ئىدارىڭىزنىڭ مەسئۇل خادىمىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئىدارىنىڭ تامغىسىنى باستۇرۇپ ئەۋەتىڭ.

5. ماقالىنىڭ ئاخىرىغا ئادرېسىڭىز، خىزمەت ئورنىڭىز، ئالاقىلىشىش تېلېفون نومۇرىڭىز ۋە ئېلخەت ئادرېسىڭىزنى ئېنىق يېزىپ ئەۋەتىڭ.

6. ژۇرنىلىمىز ئايدا بىر سان نەشر قىلىنىدۇ، ماقالىلارنىڭ پەسىلگە ماس كېلىشى ۋە ۋاقتىدا ئېلان قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ماقالىڭىزنى ئىمكان بار شۇ پەسىل كېلىشتىن ئىككى ئاي بۇرۇن تەھرىر بۆلۈمىمىزگە ئەۋەتىڭ.

ئادرېسىمىزنى ئۈرۈمچى شەھىرى نەنچاڭ يولى 403 - قورۇ «يېزا پەن - تېخنىكىسى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە تېگىدۇ، دەپ يازسىڭىز بولىدۇ. (05)

# ئەمگەكچىمەن

ئەنۋەر ئابلەت شەيدائى
(يوپۇرغا ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەشتىن)

قان - تەرىم بىرلە چېچىپ زەر چاقنىغان ئەمگەكچىمەن،
قۇت - بەخت بوستانىدا شاد يايرىغان ئەمگەكچىمەن.



كۆچ بېرىپ ئارزۇ - ئەقىدەم، گۈل ئېچىپ ئارمانلىرىم،
ئوت بولۇپ جىسمىنى مېھنەت تاۋلىغان ئەمگەكچىمەن.



تىك تۇرۇپ مۈشكۈل جاپالار ئالدىدا تاشلاپ قەدەم،
بىر ئۆمۈر تۇتقان يولۇمدىن تايمىغان ئەمگەكچىمەن.

باغ ئېتىپ چۆللەرنى ئۈنسىز، قالدۇرۇپ تۇپراقتا ئىز،
مات قىلىپ غەپلەتنى، دادىل چامدىغان ئەمگەكچىمەن.

گۈل چېكىپ ھاياتقا تەردىن، شان قۇچۇپ سەپلەر ئارا،
چىن ۋىسال باغىدا قۇشتەك سايرىغان ئەمگەكچىمەن. (02)



# ژۇرنىلىمىزنىڭ 2013-يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇشىڭىزنى قارشى ئالىمىز !




شەرەپ قۇچقانلار

ئالىمجان لەتىپ فوتوسى

## يېزا پەن — تېخنىكىسى

(ئايلىق ژۇرنال)

## 农村科技

(月刊)

باشقۇرۇپ چىقارغۇچى ئورۇن: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى:« يېزا پەن -تېخنىكىسى » ژۇرنىلى رېداكسىيەسى
باش مۇھەررىر: ھەلىمە تۇرسۇن تېلېفون ۋە فاكس نومۇرى: 4505075 — 0991
مەسئۇل مۇھەررىر: ئەنۋەر مۇھەممەت مۇھەررىر: ئابلەت ھەبىبۇللا
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى نەنچاڭ يولى 403 - قورۇ پوچتا نومۇرى: 830091
باسقۇچى ئورۇن: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى باھاسى: 2.00 يۈەن
تارقاتقۇچى ئورۇن: ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى
مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى: جايلاردىكى پوچتىخانىلار، نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى، پەن-تېخنىكا ئىدارىسى، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە تەھرىر بۆلۈمىمىز مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك نومۇرى: ISSN 1004-1095
مەملىكەتلىك بىر تۇتاش نومۇرى: CN 65-1046/S-W
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 123 - 58 ئېلان كىنىشكا نومۇرى: 0016